# ئىزدىنىش

(ئايلىق)

**10** **1997**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

// ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 10-سان

(ئومۇمىي 112-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 15-، 16-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى**
— جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ...... **ليۇ خۇاچىڭ** (2)

**رەھبىرىي كادىرلار ئاڭلىق ھالدا تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم** ...... **خۇ جىنتاۋ** (20)

ئىلمىي سوتسىيالىزمغا قوشۇلغان ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپە ...... **ۋۇ مېڭچاۋ** (38)

**★10-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

——جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

ليۇ خۇاچىڭ

ئۇلۇغ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 70 يىللىق پارلاق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ 70 يىل جەريانىدا جۇڭخۇا زېمىنىدا ئاجايىپ-غارايىپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. كۈچلۈك دۆلەتلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان، مىلتارىستلار قالايمىقان سوقۇشۇۋاتقان، خەلق كۈن كۆچۈرەلمەيۋاتقان، خارابلىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان كونا جۇڭگو ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتقان، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، خەلق ئارامخۇدا ياشاۋاتقان، مىللىتىمىز دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگوغا ئايلاندى، جۇڭگودا مۇشۇنداق چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ باتۇرلارچە كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئارمىيىمىز جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىدىكى خەلق ئارمىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا چىقىشى ئۈچۈن، ۋەتىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى. ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان پەيتتە، بىز قەدىرلىك ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، جۇ دې، دېڭ شياۋپىڭ، چېن يۈن ۋە رېن بىشى، يې جيەنيىڭ، پېڭ جېن، لى شيەنيەن قاتارلىق يولداشلارنى تېخىمۇ سېغىنىمىز، قەدىرلىك پېڭ دېخۇەي،

ليۇ بوچېڭ، خې لوڭ، چېن يى، لو رۇڭخۇەن، شۈي شياڭچيەن، نيې رۇڭجېن، ۋاڭ جياشياڭ، سۇ يۈي، شۈي خەيدۇڭ، خۇاڭ كېچېڭ، چېن گېڭ، تەن جېڭ، شياۋ جىنگۇاڭ، جاڭ يۈنيى، لو رۈيچىڭ، ۋاڭ شۇشېڭ، شۈي گۇاڭدا قاتارلىق يولداشلارنى تېخىمۇ سېغىنىمىز، پارتىيىمىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى قوراللىق كۈرىشىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە دەسلەپكى يىللاردا پارتىيە ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ داڭلىق گېنېراللىرىدىن يې تىڭ، جاڭ تەيلېي، پېڭ پەي، لۇ دېمىڭ، فاڭ جىمىن، شۈن خۇەيجۇ، خۇاڭ گۇڭلۈ، ليۇ جىدەن، شيې زىچاڭ، شۈي جىشېن، سەي شېنشى، زېڭ جۇڭشېڭ، گۇەن شياڭيىڭ، جۇ يىچۈن، دۇەن دېچاڭ، لى مىڭرۈي، ۋېي باچۈن، جاۋ بوشېڭ، دۇڭ جېنتاڭ، ۋۇ خۇەنشيەن، ياڭ جىڭيۈي، زو چۇەن، شياڭ يىڭ، پېڭ شۆفېڭ، لو بىڭخۈي قاتارلىق يولداشلارنى تېخىمۇ سېغىنىمىز، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ۋە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، ۋەتەننى قوغداش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوماندان-جەڭچىلىرى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنى تېخىمۇ سېغىنىمىز، جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ياردەم بېرىش يولىدا قان تۆكۈپ قۇربان بولغان ھەرمىللەت قېرىنداشلارنى تېخىمۇ سېغىنىمىز، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن، ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم يولداشلارغا تېخىمۇ يۈكسەك ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. بىز چوقۇم ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

## 1

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەرپا قىلغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى بىردىنبىر مەقسەت قىلغان يېڭى تىپتىكى ئارمىيە. 70 يىلدىن بۇيان، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پارتىيىنىڭ ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ باشچىلىقىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا، قاينام-تاشقىنلىق ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا، يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك بۈيۈك نەتىجىلەرنى ياراتتى، مەڭگۈ چىرىماس ئارمىيە روھىنى قۇيۇپ چىقتى.

بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىز جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ خەۋپلىك پەيتىدە بارلىققا كەلگەن. 1927-يىلى، دەل بۈيۈك ئىنقىلاب غەلبىسىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابقا ئاسىيلىق

قىلىپ، كوممۇنىستلارغا ۋە ئىنقىلابىي ئاممىغا ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. جياڭ جيېشى پەيدا قىلغان قانلىق قىرغىنچىلىق كوممۇنىستلارغا خەلق ئارمىيىسى قۇرۇش، قوراللىق ئىنقىلابقا مۇستەقىل رەھبەرلىك قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ نەنچاڭ قوزغىلىڭى، كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى، گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى ۋە باشقا نۇرغۇن جايلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭلارنى قوزغىدى ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئارمىيىمىز جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ سەھنىسىگە چىقىپ، نۇرغۇن ھەيۋەتلىك ۋە سەلتەنەتلىك تارىخىي درامىلارنى ئوينىدى. ئارمىيىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قىزىل ئارمىيە ئاجىز بولغاچقا، ئۇنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى، ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېچىپ بەرگەن يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش، ئەڭ ئاخىردا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىنقىلاب يولىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قىزىل ئارمىيە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق قوراللىق "قورشاپ يوقىتىش"لىرىنى بىتچىت قىلدى ھەمدە تەڭداشسىز قەھرىمانلارچە شىجائەت بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قورشاش، قوغلاش، توسۇشلىرىنى كەينى-كەينىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، كۆرمىگ جاپا-مۇشەققەت ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنى يېڭىپ، سانسىز تاغ-دەريالاردىن ھالقىپ، ئاخىرى ئۇزۇن سەپەرنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قىيىنچىلىقتىن يورۇقلۇققا مېڭىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ئارمىيىمىز پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش لۇشيەنىنى ۋە بىرلىك سەپ سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىنىپ، خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. سىرتتىن ياردەم كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، گومىنداڭ جاھىللىرىنىڭ قامال قىلىشى ۋە كومپارتىيىگە قارشى دولقۇنىنى بىتچىت قىلدى، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ياپون ئارمىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىغا، قورچاق ئارمىيىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك زەربە بەردى، ياپون ئارمىيىسى ۋە قورچاق ئارمىيىنىڭ 1 مىليون 700 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەنۇبىي جۇڭگو پارتىزانلار قوشۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتتى. ئارمىيىمىز ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى تايانچ كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يۈز يىلدىن بۇيانقى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى تولۇق غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تۆھپە قوشتى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈنمۇ مۇھىم تۆھپە قوشتى. پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئارمىيىمىز جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جۇڭگونىڭ ئىككى خىل ئىستىقبالى ۋە ئىككى خىل تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبىلىك ھالدا لياۋشېن ئۇرۇشى، پىڭجىن ئۇرۇشى،

خۇەيخەي ئۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئۇرۇش ۋە چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى، ناچار قوراللار بىلەن جياڭ جيېشىنىڭ ئامېرىكىچە قوراللانغان 8 مىليون كىشىلىك ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئۇرۇش تارىخىدىكى بىر مۆجىزىنى ياراتتى، تەيۋەن قاتارلىق بىر قىسىم ئاراللاردىن باشقا پۈتكۈل دۆلەت زېمىنىنى ئازاد قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ چوڭ تاغنى ئۆرۈۋ-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا كونا بىر دەۋرنى ئاياغلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر دەۋرنى ئاچتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئارمىيىمىز ئۆز بۇرچىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىدى. خەلقنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارمىيىمىز كەڭ كۆلەملىك باندىت يوقىتىش ئۇرۇشى قىلىپ، تەيۋەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق قوراللىق پاراكەندىچىلىكلىرىنى بىتچىت قىلىپ، ئەكسىيەتچىل قوراللىق توپىلاڭلارنى باستۇردى. ۋەتەننىڭ زېمىنى، ھاۋا تەۋەلىكى ۋە دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە دېڭىز-ئوكيان ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارمىيىمىز كۆپ قېتىم چېگرا مۇداپىئە قايتۇرما زەربە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بەردى. نۇرغۇن ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر يىل بويى 10 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن چېگرا ۋە بىپايان دېڭىز تەۋەسىنى ساقلاپ، زىمىستان سوغۇق ۋە تومۇز ئىسسىقنى، سۇ، ئوكسىگېن كەمچىل بولۇشتەك ناچار شارائىتنى يېڭىپ، ئۆلمەستىن قۇربان بېرىۋاتىدۇ، تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ. ئارمىيىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھنى جارى قىلدۇرۇپ، ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ۋە باشقا كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىقنى ساقلاش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغداشقا تۆھپە قوشتى. ئارمىيىمىز ۋەتەننى قوغداش بۇرچىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە ياردەملىشىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئېلېكتر، قاتناش قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن چوڭ قۇرۇلۇشلاردا مۇھىم رول ئوينىدى. ئارمىيىمىز كۆپ قېتىم كەڭ كۆلەمدە قىسقارتىلدى، نۇرغۇن قىسىملار پۈتۈن قىسىم بويىچە كەسىپ ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندى. مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە كەسىپنى ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى قۇرۇلۇش سېپىدىكى تايانچقا ئايلاندى. زور بىر تۈركۈم ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى خەلققە كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتۈپ، پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆتۈنۈپ بەردى، نۇرغۇن ئايرودروم، پورت ۋە تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىلىرى قاتارلىق ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئارمىيە-خەلق ئورتاق ئىشلىتىدىغان ئەسلىھەلەرگە ئايلاندۇردى، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش پائالىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئارمىيە-خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات

www.uyghurkitap.com

يايدۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ كەلكۈن، يەر تەۋرەش، بوران-چاپقۇن، چوڭ ئوت ئاپىتى قاتارلىق ئېغىر ئاپەتلەر يۈز بەرگەن ۋاقىتلاردا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى جاسارەت بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ ۋە قوغداپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ئىززەت-ھۆرمىتىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپە يارىتىپ بېرەلىشى ئۇنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 70 يىلدىن بۇيان، ئارمىيىمىز مۇستەھكەم، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەتنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، دېھقانلار ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدىغان ئارمىيىدىن پرولېتارىيات خاراكتېرىگە ئىگە يېڭى تىپتىكى خەلق ئارمىيىسىگە ئايلاندى؛ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئارمىيە قۇرۇش مەقسىتىدە باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە خەلقنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممىدە خەلققە تايىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ئارمىيە بولۇپ چىقتى؛ جەڭگىۋارلىق ئۆلچىمىدە باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي ۋە سىياسىي ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، قورال-ياراغلارنى ئاكتىپ ياخشىلاپ، ئارمىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسەن پىچاق، نەيزە ۋە قارا مىلتىققا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىدىغان ئارمىيىدىن كۆپ خىل ئارمىيە، قىسىم بىرىككەن، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە يادرو قورال قاتارلىق زامانىۋى تېخنىكىلار بىلەن قوراللانغان، زامانىۋى مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلالايدىغان ئارمىيىگە ئايلاندى؛ ئارمىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردىن تەرەققىي قىلىپ چىققان، دەسلەپتە پارتىزانلىق ئۇرۇشنى ئاساس قىلغان ئارمىيىدىن يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ۋە بىرلىككە كەلگەن، ئىنتىزامى ياخشى، ئىنتىزامى چىڭ بولغان مۇنتىزىم ئارمىيىگە ئايلاندى؛ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى چوڭ بىر مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇپ، زور بىر تۈركۈم پارتىيە ئىشلىرىنى، دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئارمىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تالانت كۈچلەرنى تەربىيىلەپ، چېنىقتۇرۇپ ۋە يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئارمىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، ياشلىشىش، زىيالىيلىشىش، ئىختىساسلىشىش سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنى ئارقىلىق قىسىملارنى تەربىيىلەشتە باشتىن-ئاياغ چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان پۈتۈن بىر يۈرۈش ياخشى ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈردى، جاڭ سىدې، دۇڭ سۇنرۇي، خۇاڭ جىگۇاڭ، چيۇ شاۋيۈن، لېي فېڭ، سۇ نىڭ قاتارلىق زور بىر تۈركۈم قەھرىمان-نەمۇنىچىلەر مەيدانغا كەلدى، ئۇلارنىڭ پارلاق ئىدىيىسى ۋە قەھرىمانلىقى مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش ۋە ئارمىيىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى چىڭىتىشتا ئىنتايىن زور ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تۈرتكە بولۇش

رولىنى ئوينىدى.

70 يىلدىن بۇيان، ئارمىيىمىز ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بولغان تەۋرەنمەس ئىشەنچىسى، پارتىيىگە ۋە خەلققە بولغان چەكسىز ساداقىتى بىلەن، قان بىلەن ئوتنىڭ، ھايات بىلەن ماماتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، جاپا-مۇشەققەتنى يەتكىچە تارتىپ، ئۇزۇن چېنىقىشلاردىن ئۆتۈپ، جاھاندا تەڭدىشى يوق ھەيۋەتلىك، مەدەنىيەتلىك قوشۇن بولۇپ چىقتى. ئارمىيىمىزنىڭ 70 يىللىق تارىخى شۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، "خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ"، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى "پارتىيىگە، خەلققە، دۆلەتكە، سوتسىيالىزمغا سادىق" ئارمىيە، ئۇ خەلق دېموكراتىيىسى-دىكتاتۇرىسىنىڭ كىرچلۇك تۈۋرۈكى بولۇشقا مۇناسىپ، ۋەتەننى قوغداشتىكى پولات سېپىل بولۇشقا مۇناسىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم كۈچ بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇنىڭغا پارتىيە ۋە خەلق تولۇق ئىشەنسە بولىدۇ.

## 2

ئارمىيىمىزنىڭ 70 يىللىق كۈرەش مۇساپىسىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى شەكىللەندى. ئارمىيىمىزنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، بارلىق تەرەققىياتلىرى ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرۈلدى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ھەربىي نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇشىغا، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغا، ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئىجادىي ھالدا تەتبىقلاپ، قانداق قىلىپ دېھقانلارنى ئاساسىي تەركىب قىلغان ئارمىيىنى پرولېتارىيات خاراكتېرىدىكى، قاتتىق ئىنتىزامغا ئىگە، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان يېڭىچە ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسىنى، جۇڭگودەك يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتە خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىسى-نى، خەلق جۇمھۇرىيىتى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ئەھۋالدا ۋەتەننى قوغداش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، زامانىۋىلاشقان ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلەرنى قۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشقان دۆلەت مۇداپىئە پەن-تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان يېتەكچى ئىدىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ خەلق ئارمىيىسى، خەلق ئۇرۇشى، خەلق ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى، خەلققە تايىنىپ زامانىۋى دۆلەت مۇداپىئەسىنى قۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا يەكۈنلەپ چىقارغان ۋە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيە، نەزەرىيىلەر ۋە بۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ھەربىي دىئالېكتىكا ئىدىيىسى

www.uyghurkitap.com

ماركسىزمنىڭ ھەربىي نەزەرىيە خەزىنىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيىسى مەزمۇنى مول ھەم چوڭقۇر نەزەرىيىۋى سىستېما بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ مەڭگۈ ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئۇرۇش قىلىشتىكى قىبلىنامىسى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسچىسى ۋە مۇھىم رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتنىڭ مۇستەقىللىكى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەم سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىلىگۈچىسى، ھەم ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولدى. ئۇ بىرگە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىش بىلەن بىرگە، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ھەربىي نەزەرىيىسىنى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيىسىنى يېڭى دەۋردىكى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئىجادىي ھالدا تەتبىقلاپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى ياراتتى. بۇ ئىدىيىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەۋردە ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا جاۋاب بېرىلدى، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش فاڭجېن ۋە پرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىنقىلابىي ئارمىيە قۇرۇش يولى تېپىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگۈزۈلدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى — دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزملىق ھەربىي ئىلمىدىن ئىبارەت. دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر، ئۇ بىزنى يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي كۈرەش مەسىلىسىنى توغرا تونۇش ۋە ھەل قىلىشتا مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللار بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇپ، ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، يېڭى، تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر. دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرنەچچە مۇناسىۋەتنى ياخشى ئىگىلەش لازىم.

بىرىنچى، ئۇرۇش بىلەن تىنچلىقنىڭ مۇناسىۋىتى. ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان دەۋرنى چوڭقۇر چۈشىنىش،

ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىسىگە ئىلمىي ئاساستا ھۆكۈم قىلىش دۆلەت ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى پىلانلاشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتلىرىنىڭ بىرى. 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى زومىگەر ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى قاتتىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتىلا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇلۇغ ستراتېگىيىچىگە خاس كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن چوڭقۇر ھالدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: "ھازىر دۇنيادىكى ھەقىقىي چوڭ مەسىلىنىڭ، يەر شارى تۈسىنى ئالغان ستراتېگىيىلىك مەسىلىنىڭ بىرى تىنچلىق مەسىلىسى، يەنە بىرى ئىقتىسادىي مەسىلە، باشقىچە ئېيتقاندا، تەرەققىيات مەسىلىسى." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 215-بەت) "دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ خەۋپى يەنىلا ساقلىنىۋاتىدۇ، لېكىن، دۇنيادىكى تىنچلىق كۈچلىرىنىڭ ئېشىشى ئۇرۇش كۈچلىرىنىڭ ئېشىشىدىن ھالقىپ چۈشىدۇ.... خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە كەڭ كۆلەملىك دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يۈز بەرمەسلىك ئېھتىمالى بار، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئۈمىد بار." (يۇقىرىقى كىتاب، 259—260-بەتلەر) بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ستراتېگىيىلىك بۇراشنى كەسكىن ئوتتۇ-رىغا قويۇپ، بىر مىليون ئەسكەرنى قىسقارتىشتەك مۇھىم تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارمىيە قۇرۇلۇشى بالدۇر ئۇرۇش قىلىش، چوڭ ئۇرۇش قىلىش، يادرو ئۇرۇشى قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش ھالىتىدىن تىنچ دەۋردىكى قۇرۇلۇش يولىغا سېلىندى، بۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، جۇڭگونىڭ تىنچلىقپەرۋەرلىك ئوبرازىنى يارىتىپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا كۈرەشتە ستراتېگىيىلىك تەشەب-بۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە، تارىخىي پۇرسەتنى ئىگەللەپ، ئارمىيىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، بىزدىن ئۇرۇش مەسىلىسىدە ھوشيارلىقنى ساقلاشنى، ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق-نى تەلەپ قىلدى. دۇنيادا يەنىلا زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتى مەۋجۇت، ئۇرۇشنىڭ مەنبەسى يوقىتىلغىنى يوق، خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ قويۇشىمىز، ئالدىنئالا تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. ئارمىيىمىز مەڭگۈ جەڭگىۋار قوشۇن بولۇشى، ھەر ۋاقىت ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرۇشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەھلىل ۋە ھۆكۈمى ھازىرقى دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ كۆرسەتتى، ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ دەۋر قارىشى ۋە ئۇرۇش قارىشىنىڭ مۇھىم تەرەققىياتى بولۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىسلاھاتىغا تۈپ ئاساس سېلىپ بەردى.

ئىككىنچى، ئارمىيە قۇرۇلۇشى بىلەن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى. نىسپىي تىنچلىق دەۋرىدە، قانداق قىلىپ ئارمىيە قۇرۇلۇشى بىلەن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا

بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ستراتېگىيىلىك خاراكتېرنى، ئومۇمىيلىق خاراكتېرنى ئالغان زور مەسىلىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش كېرەكلىكىنى، مۇشۇ مەركەزنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە خەلق بويسۇنۇشى لازىم بولغان ئومۇمىيەت ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويدى ھەمدە قايتا-قايتا تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ تەلەپ قىلدى: "ئارمىيىمىز ھەممىدە دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇشى لازىم"، "ئومۇمىيەتكە يېقىندىن ماسلىشىشى ھەمدە شۇ ئومۇمىيەت دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك"(يۇقىرىقى كىتاب، 204-، 202-بەتلەر). دۆلەتنىڭ ئالدى بىلەن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىقتىسادىي كۈچ دۆلەت ۋە ئارمىيە تەرەققىياتىنىڭ ماددىي ئاساسى، دۆلەتنىڭ كۈچى ئاشقاندىن كېيىن، ئاتوم بومبىسى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ئاز-تولا ئىشلەپ چىقىش، ھاۋا ئارمىيىسىنىمۇ، دېڭىز ئارمىيىسىنىمۇ، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىمۇ بىر قىسىم قورال-ياراغلىرىنى يېڭىلاش ئاسانلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش كېرەك دېگەنلىك ھەرگىزمۇ دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ۋاز كېچىش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. دۆلىتىمىزدەك سوتسىيالىستىك دۆلەت ئارمىيىدىن ۋە زامانىۋىلاشقان دۆلەت مۇداپىئەسىدىن ئايرىلىپ قالغاندا خەلقئارا ئىشلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ دۆلەت بولالمايدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلالمايدۇ. كۈچلۈك ئارمىيىنىڭ بولۇشى، مۇستەھكەم دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ بولۇشى باشتىن-ئاخىر ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلقنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئارمىيە ئومۇمىيەتكە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا ئۆز ئىشىنى ياخشىلاپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ مۇھىم بايانلىرى تىنچلىق دەۋرىدىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى بىلەن دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، ئۇ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىدا چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىدۇر.

ئۈچىنچى، ئارمىيىنىڭ سانى بىلەن سۈپىتىنىڭ مۇناسىۋىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ بولسىمۇ "ئارمىيىمىزنى زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش"تىن ئىبارەت(«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 395-بەت). بۇ ئومۇمىي نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى جۇڭگوچە

ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قوشۇنلارنى سەرخىللاشتۇرۇش يولىغا مېڭىشتىن ئىبارەت. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتـ تىكى، ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋى ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، كادىرلىرىمىزنىڭ زامانىۋى ئۇرۇش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئېنىق بولۇشى لازىم، ئۇ بولسىمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىشىغا ئەگىشىپ، سۈپەت ئامىلى بارغانسېرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بولۇپ قالدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جوڭگو—چوڭ بىر دۆلەت، يەر مەيدانى كەڭ، ئەتراپتىكى مۇھىتى بىرقەدەر مۇرەككەپ، شۇڭا ئارمىيە مەلۇم سانغا ۋە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولمىسا بولمايدۇ. ئەمما ئارمىيىنىڭ سانى ۋە كۆلىمىنى دۆلەت بىخەتەرلىكى تەلەپ قىلغان ۋە دۆلەت كۈچى يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە كونترول قىلىش لازىم. دىققەت-ئېتىبارىمىزنى سانغىلا قارىتىشقا بولمايدۇ، مۇھىمى سۈپەتنى ئۆستۈرۈش كېرەك، ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا سۈپەتنى تەكىتلەش، ھەقىقىي جەڭگىۋارلىقنى تەكىتلەش كېرەك. ئۇ، ئارمىيىنى چوقۇم خىل قىلىش كېرەك، ”كېلەڭسىز بولۇش“ ئەھۋالىنى چوقۇم تۈگىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئارمىيىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئىدىيىسى ھازىرقى دۇنيادىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىـ يات يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇ ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنىڭمۇ ئوبيېكتىپ تەلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، قورال-ياراغلارنى ياخشىلاش بىلەن ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتى. پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، سۈپەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئەڭ ئاساسلىقى قورال-ياراغلارنى ياخشىلاش ۋە ھەربىي ئىشلار بويىچە زامانىۋىلاشقان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. قورال-ياراغلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئارمىيە زامانىۋىلىشىشىنىڭ ماددىي ئاساسى ۋە مۇھىم بەلگىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئارمىيىنى تۈزۈشتە شتاتنى، ستراتېگىيىنىلا تۈزۈپ قالماستىن، بەلكى قورال-ياراغلارنىمۇ تۈزۈش كېرەك. بىز چوقۇم كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇپ، دۇنيا ھەربىي ئىشلار ساھەسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ۋە يۇقىرى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە يېقىندىن نەزەر سېلىپ، دۆلەت مۇداپىئە ئىلمىي تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلار-دا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، دېڭىز ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى، ئىككىنچى توپچى قىسىم ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ قورال-ياراغلىرىنى تېزدىن ياخشىلاپ، ئارمىيىمىزنىڭ قورال-ياراغلىرىنى زامانىۋى يۇقىرى پەن-تېخنىكا شارائىتىدىكى مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا پەيدىنپەي ماسلاشتۇرۇشىمىز لازىم. ئەمما قورال-ياراغ تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتسۇن، ئادەم يەنىلا ئۇرۇشتا يېڭىش-يېڭىلىشنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل. زامانىۋى قورال-ياراغلارنى زامانىۋى ساپاغا ئىگە ئىختىساسلىق خادىملار ئىگىلەيدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ، ئىختىساسلىق خادىملار بىلەن قورالنى سېلىشتۇرغاندا، ئىختىساسلىق خادىملار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ مۇھىم، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش تېخىمۇ تەس. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى: ”زامانىۋىلاشتۇرۇشنى قۇرۇق گەپ بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم بولۇشى، ئىختىساسلىق خادىملار بولۇشى كېرەك.“(يۇقىرىقى كىتاب، 84-بەت) ئىلگىرىكى ئارمىيىمىزنىڭ قورال-ياراغلىرى تېرىق بىلەن مىلتىق ئىدى، مىلتىق ئېتىش، نەيزىۋازلىق قىلىشنى بىلسىلا جەڭگە ئاتلىنالايتتى، هازىرقى زامان ئۇرۇشى بولسا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى، هاۋا ئارمىيىسى بىرلىشىپ قىلىدىغان ئۇرۇش، بۇ ئۇرۇشتا تايىنىلىدىغىنى يۇقىرى تېخنىكا، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق خادىملار بولمىسا، قورال-ياراغلارنى ياخشىلىغىلى بولمايدۇ، ئىلغار قورال-ياراغ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنى پىششىق ئىشلىتىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى هازىرقى قۇرۇلۇش ياكى يىراق كەلگۈسىدىكى قۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن ئېيتمايلى، بىرىنچى ئورۇندىكى مۇھىم خىزمەت ھەربىي ئىشلار بويىچە زور بىر تۈركۈم لاياقەتلىك، زامانىۋى ساپاغا ئىگە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قورال-ياراغلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىدە ئارمىينىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشىدىكى هالقىلىق مەسىلە تۇتۇۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ كەلگۈسىدىكى ھەربىي كۆرەشتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ تەدبىرىدۇر.

بەشىنچى، ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىزنىڭ ئارمىيىمىز ياخشى ئەنئەنىگە ئىگە. جەڭگاھشەندىكى ۋاقىتتىن باشلاپلا، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئارمىيىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى تۈزۈم ئورنىتىپ بەرگەن، ئىنتايىن ياخشى ئىستىل تىكلەپ بەرگەنىدى.“(يۇقىرىقى كىتاب، 1-بەت) بۇ ياخشى ئەنئەنە ۋە ياخشى ئىستىل بىزنىڭ تەۋەررۇكىمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىزدۇر. يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكىتلەپ ئېسىل ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس؛ كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ يېڭى ئەھۋاللارنى، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىكمۇ توغرا ئەمەس. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى، بىر تەرەپتىن خەلق ئارمىيىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئارمىيىنى پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇش پرىنسىپىدىن تەۋرىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى، پارتىيە بىلەن ئارمىيىنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش ئېسىل ئىستىلىنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا ”يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر“نى(يۇقىرىقى كىتاب، 256-بەت) مۇھاكىمە قىلىش كېرەكلىكىنى، تارىخ ۋە رېئاللىق ئۈستىدىكى تەتقىقات ئارقىلىق قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن يېڭى خىزمەت فاڭجېنىنى بېكىتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە قايسى ئەنئەنىلەرنى ئەسلىگە

كەلتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش، قانداق ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا مۇپەسسەل بايان قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى يېڭى دەۋردىكى ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو كومپارتىيىسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ ستراتېگىيىلىك تۈزۈلمىسى ۋە ھەربىي ۋەزىيىتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە، شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى تۈزدى، ھەمدە نەزەرىيە جەھەتتىن بىر قاتار ئىلمىي بايان يۈرگۈزدى. ئۇ "سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇش، ھەربىي ئىشلاردا قاتتىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولۇش، ئىستىل ياخشى بولۇش، ئىنتىزام قاتتىق بولۇش، تەمىنلەش كۈچلۈك بولۇش"تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچىمىنى ۋە مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇردى؛ يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلارنىڭ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى، يەنى ھەربىي كۈرەش تەييارلىقى جەھەتتە ئادەتتىكى شارائىتتىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشتىن زامانىۋى تېخنىكا بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈشكە بۇرۇلۇش فاڭجېنىنى تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلدى؛ سۈپەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قوشۇنلارنى سەرخىللاشتۇرۇش يولىدا مېڭىشتىن ئىبارەت تۈپ فاڭجېنىنى بەلگىلەپ، سان، كۆلەم تىپىدىكى ئارمىيىدىن سۈپەت، ئۈنۈم تىپىدىكى ئارمىيىگە، ئادەم كۈچىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ئارمىيىدىن پەن-تېخنىكىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ئارمىيىگە بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى؛ ئارمىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشىدا ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خاراكتېرىنى ساقلاشنى، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەكىتلىدى؛ ئازادلىق ئارمىيىنى چوڭ مەكتەپ قىلىپ چىقىپ، توغرا ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن پۈتۈن ئارمىيىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەربىي ئىشلار بويىچە ئەسىر ھالقىيدىغان زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەكىتلىدى؛ دۇنيادىكى يۇقىرى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، دۆلەت مۇداپىئەسىگە دائىر ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئارمىيىمىزنىڭ قورال-ياراغلىرىنى تۈرلۈك چارە-تەدبىر بىلەن ياخشىلاشنى تەكىتلىدى؛ كۆلىمى لايىق بولۇش، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇش، قوماندانلىقى چاققان بولۇش ۋە "خىل بولۇش، قوشۇلما بولۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش"

پرىنسىپىغا ئاساسەن، شتات تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش ئىشىنى ئاكتىپ، پۇختا ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىدى؛ ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ئارمىيىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، ئارمىيىنىڭ يۈكسەك مۇقىملىقىنى ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بىرلىكىنى قوغداشنى تەكىتلىدى؛ ئارقا سەپ تەمىناتى جەھەتتىكى باشقۇرۇش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى تەكىتلىدى؛ ئارمىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مېڭىشىنى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاق بولغان ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلىدى؛ ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە ئىشكى سىرتقا ئېچىۋېتىش شارائىتىدا ئارمىيىنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىشنى تەكىتلىدى، ۋەھاكازالار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ۋەزىيەتتە دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەتبىقلاشنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىدۇر. دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر بىر قاتار مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلىرىنى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

## 3

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جاپالىق ھەم پارلاق 70 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو ئالدىنىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى جۇڭگونىڭ 21-ئەسىرگە قەدەم تاشلاشتىكى ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك بېكىتىپ چىقتى، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شياڭگاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولدى، ئاۋمېن پات يېقىندا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ، تەيۋەنمۇ ھامان ۋەتەننىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن بىرلىككە كېلىدۇ. ئەسىر ئالمىشۋاتقان پەيتتە، خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن پەسىيىشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ، كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا دۇنيانىڭ ئاساسىي مەسىلىسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما زومىگەرلىك، زوراۋانلىق سىياسىتى يەنىلا مەۋجۇت، دۇنيا تىنچلىنىپ قالغىنى يوق. ئارمىيىمىز ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە

ئالغان.

ئارمىيىمىز مۇقەددەس بۇرچنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقئارا ستراتېگىيىلىك تۈزۈلمىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن شارائىت ئاستىدا، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ دۇنيانىڭ ھەربىي ساھەسىگە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قوشۇننى سەرخىللاشتۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، ئۆزىنىڭ سۈپەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

**بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ھەرىكەتتە جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش لازىم.** ئارمىيىمىز ئىنقىلابىي سىياسىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغان قوراللىق گۇرۇھ، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئارمىيىمىزنىڭ تۈپ ئارمىيە قۇرۇلۇش پرىنسىپى. ئارمىيىمىزنىڭ 70 يىللىق تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پەقەت پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئارمىيىمىزنىڭ خاراكتېرىگە، ئارمىيىمىزنىڭ يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا، ئارمىيىمىزنىڭ كەينى-كەينىدىن غەلىبە قازىنىشىغا، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا ئەڭ ئاساسلىقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى ئاڭلىق ھالدا قوغداپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش لازىم.

**ئىككىنچى، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خاراكتېرىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش لازىم.** يېڭى ۋەزىيەتتە، ئارمىيىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ، ئۇزۇن مەزگىل تىنچ شارائىتتا تۇرۇشنىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئارمىيىمىز ئۆزىنىڭ خەلق ئارمىيىسى بولۇش خاراكتېرىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاساسلىقى ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى قەتئىيلىكىنى ۋە ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىكى پاكلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئىدىيىۋى-- سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش دېگەنلىك دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى

www.uyghurkitap.com

ۋە يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى بىلەن پۈتۈن ئارمىيىنى قوراللاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر؛ ۋەتەننى سۆيۈپ تۆھپە يارىتىش، ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ۋە كادىرلارنى ھۆرمەتلەش–ئەسكەرلەرنى ئاسراش تەربىيىسىنى قەتئىي بوشاشماستىن قانات يايدۇرۇش دېگەنلىكتۇر، پۈتۈن ئارمىيەدە ئۆگىنىشنى تەكىتلەيدىغان، سىياسەتنى تەكىتلەيدىغان، ساغلام كەيپىياتنى تەكىتلەيدىغان قويۇق كەيپىياتنى يارىتىش دېگەنلىكتۇر، قىسىملارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئارمىيىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان قىلىش دېگەنلىكتۇر، بۇ–ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە.

**ئۈچىنچى، تۈزۈلمە ۋە شتاتلارنى تەڭشەش، ئىخچاملاشنى ياخشى ئىشلەپ، تەشكىلىي قۇرۇلمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك.** نۆۋەتتە ئارمىيىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى يەنىلا چوڭ، تۈزۈلمە ۋە شتاتلاردا يەنە نۇرغۇن ئىلمىيلىقى كەم ۋە مۇۋاپىق بولمىغان ئامىللار بار، بولۇپمۇ ئورگانلار كېلەڭسىز بولۇش، قوماندانلىق قاتلىمى بەك كۆپ بولۇش، تەمىنلىگۈچى قىسىملار ھەددىدىن زىيادە چوڭ بولۇش، مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولماسلىق ئەھۋاللىرى گەۋدىلىك بولماقتا. شۇڭلاشقا، تەڭشەش، ئىخچاملاش بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك جىددىي ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە. تۈزۈلمە ۋە شتاتلار ئىلمىيلاشتۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ئادەم بىلەن قورالنى تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرگىلى، ئادەم بىلەن قورالنىڭ ئۈنۈمىنى ئەڭ تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، قىسىملارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. تەڭشەش، ئىخچاملاشتىن مەقسەت ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق سىستېمىسىنى تېخىمۇ خىل ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىش، ئارمىيىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇۋاپىق قىلىش، ئارمىيە تۈرلىرى ۋە قىسىم تۈرلىرىنىڭ بىرىكىشىنى كۈچەيتىپ، قىسىملارنىڭ تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە جانلىق ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاخىرقى ھېسابتا جەڭگىۋارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**تۆتىنچى، تەلىم–تەربىيە بىلەن مەشىقنى ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، قىسىملارنىڭ زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكا شارائىتى ئاستىدىكى ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.** تەلىم–تەربىيە بىلەن مەشىق تىنچ دەۋردە قىسىملارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسلىق يولى، بولۇپمۇ ئارمىيىمىزنىڭ قورال–ياراغلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا نىسبەتەن قالاق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، تەلىم–تەربىيە بىلەن مەشىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم. يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىغا ئاساسەن، زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكا شارائىتى ئاستىدىكى ئۇرۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، قىيىن بولۇش، قاتتىق بولۇش، ئەمەلىي ئۇرۇش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىش تەلىپى بويىچە، قىسىملارنىڭ تەلىم–تەربىيە ۋە مەشىق ئىشلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك قوماندانلار ۋە كەسپىي خادىملارغا بولغان تەلىم–تەربىيىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئۇرۇش مانېۋىرلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ خىل ئارمىيىنىڭ بىرلىشىپ

ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پىلانلىق، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا پۈتۈن ئارمىيىنى ھەربىي ئىشلارغا دائىر يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەربىي مەكتەپلەرنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكىلارنى ئىگەللىگەن زور تۈركۈمدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تېزدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم.

**بەشىنچى، ئارقا سەپ تەمىناتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال تەمىنلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.** زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكا شارائىتى ئاستىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشلار ئۇرۇش دائىرىسى كەڭ، رېتىمى تېز، تېخنىكىسى مۇرەككەپ، ماددىي ئەشيا سەرپىياتى چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچار قىلدى. ئارقا سەپ تەمىناتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەمىنلەشنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەلەپ قىلغاندەك، "يېڭى ئەھۋاللارغا ماسلىشالايدىغان بىر قاتار تۈزۈم ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى بولۇشى كېرەك" (يۇقىرىقى كىتاب، 257-بەت). جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئارمىيە قۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، راسخوتنى قىسپىراق ئىشلىتىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، چەكلىك راسخوتنى ئۆز جايىغا ئىشلىتىش لازىم. ئارقا سەپ تەمىناتىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۈنۈمنى، تەمىنلەش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئارقا سەپ تەمىنات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئارقا سەپ تەمىناتى بويىچە زامانىۋىلاشقان قوماندانلىق ۋە تەمىنات تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئادەتتىكى تەمىنات بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدىكى تەمىناتنى بىرلەشتۈرۈش، ئارمىيە ئېھتىياجى بىلەن خەلق ئېھتىياجىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئۈچ خىل ئارمىيىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئارقا سەپ تەمىنات يولىدا مېڭىش لازىم.

**ئالتىنچى، ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى يادرولۇق مەزمۇن قىلىپ، ئارمىيىنى قانۇن بويىچە قاتتىق باشقۇرۇش لازىم.** قاتتىق ئىنتىزام—ئارمىيىنىڭ روشەن بەلگىسى. پولاتتەك ئىنتىزام بولمىغاندا، ئارمىيىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بىرلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بولمايدۇ. "قاتتىق بولۇش"نى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئارمىيە باشقۇرۇشنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس يولى ھېسابلىنىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچ مۇھىتتا قىسىملار ئوڭايلا بوشىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تولىمۇ مۇھىم. دۆلەت مۇداپىئەسىگە ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر قانۇنلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، قىسىملارنى ئۇستاۋ، نىزام بويىچە قاتتىق باشقۇرۇش، مۇنتىزىم بولغان ئۇرۇش تەييارلىقى، مەشىق، خىزمەت، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئورنىتىش، شۇ ئارقىلىق ئارمىيىنىڭ مۇنتىزىملىشىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. شياڭگاڭدا

تۇرۇشلۇق قىسىملار ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىغا ۋە ئەسكەر تۇرغۇزۇش قانۇنىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، شياڭگاڭ ھۆكۈمىتىگە ھۆرمەت قىلىشى، شياڭگاڭلىق قېرىنداشلارنى قىزغىن سۆيۈشى، سەلتەنەتلىك، مەدەنىيەتلىك ئارمىيىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى نامايان قىلىشى كېرەك.

**يەتتىنچى، ھەربىي ئىشلارغا دائىر پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، يېڭى ھەربىي ئىشلار نەزەرىيە-سىنى يارىتىش لازىم.** ئىلغار بولغان ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى ئەزەلدىنلا ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىدىكى زۆرۈر شەرت بولۇپ، ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ كەلدى، ھازىر دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەر ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسىنىڭ تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، ھەربىي ئىشلار ئىلمى ساھەسىدە ئىنتايىن جانلىق كەيپىيات بارلىققا كەلدى. نەزەرىيە جەھەتتە زور بۆسۈش ھاسىل بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز جوڭگو ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسىنى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى بىر قاتار بايانلىرىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ ھالقىملىقىغا، ئەمەلىي ئىشلىتىلىشچانلىقىغا ۋە ئۇنىۋېرساللىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكا شارائىتى ئاستىدىكى قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكا بىلەن قوراللانغان دۈشمەننى ھازىر بار بولغان قورال-ياراغلار بىلەن يېڭىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ تېپىپ چىقىشىمىز، زامانىۋى شارائىت ئاستىدىكى خەلق ئۇرۇشىنىڭ يېڭى شەكلىنى يارىتىشىمىز، خەلق ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي كۈرەش تەييارلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى-مىز لازىم.

**سەككىزىنچى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىش لازىم.** ئارمىيىمىز خەلقنىڭ ئارمىيىسى، خەلق ئارمىيىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى. ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش غەلىبىلىرىنى ۋە قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى خەلق ئاممىسى ۋە يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئىسلاھات-ئېچى-ۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ. ھەر خىل شەكىلدىكى ھۆكۈمەتنى ھمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش پائالىيەتلىرى ۋە ئارمىيە-خەلق ئورتاق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيە-خەلق بىر نەپەستە بولىدىغان، تەقدىرداش ۋە قەلبداش بولىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

ئۆتمۈشمىز شانلىق ھەم پارلاق، كەلگۈسىمىز بولسا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پارتىيىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېچىپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشنى 21-ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىشنى نىشان قىلىپ، مەملىكەتلىك 15- قۇرۇلتايىنى چاقىرىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن 5-ئاينىڭ 29-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئاچقان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن شۇنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى: دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى چوقۇم ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز لازىم؛ بىزنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەندە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىمىز دېگىنىمىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرىمىز دېگەنلىكتۇر؛ مانا بۇ بىزنىڭ كۈرەش نىشانىمىز. پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر بۇ سۆزنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، چوڭقۇر چۈشىنىشى، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، جۇرئەتلىك ئىزدىنىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ئارمىيىمىزنى زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: دولقۇن قادىر**
**رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# رەھبەرىي كادىرلار ئاڭلىق ھالدا تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم•

خۇ جىنتاۋ

20-ئەسىر ئاخىرلىشىپ، 21-ئەسىر يېتىپ كەلمەكتە. ئەسىر ئالمىشىۋاتقان پەيتتە، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، مەيلى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بولسۇن ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، ھەممىسى قانداق قىلىپ كېيىنكى ئەسىردىكى خەلقئارا ئىقتىسادىي، سىياسىي يېڭى تۈزۈلمىدىن پايدىلىق ئورۇننى ئېلىشنى ئويلىماقتا. مۇشۇنداق مۇھىم تارىخىي پەيتتە، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم مەزگىلدە، پارتىيىمىزنىڭ 15-قۇرۇلتىيى چاقىرىلىشتىن ئىلگىرى، يولداش جياڭ زېمىن 5-ئاينىڭ 29-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ سۆزدە ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى بىر قاتار مۇھىم مەسىلىلەر ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر، ئىلمىي ھالدا بايان قىلىنغان بولۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىتىشتىكى قەتئىي ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايان قىلىنغان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈستىدىكى ستراتېگىيىلىك ئوي-پىكرى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن، بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىرادىسىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، ھەم بۇنىڭدىن

• بۇ ماقالە يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 7-ئاينىڭ 18-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ 1997-يىل ياز پەسىللىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ 1-، 2-قىسىملىرى، ژۇرنىلىمىزغا سەل قىسقارتىلىپ بېسىلدى. ماۋزۇلىرىنى ژۇرنىلىمىز تەھرىرى قوشۇپ قويدى.

كېيىنكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ساپاسى ۋە خىزمىتىدە. ھەربىر رەھبىرىي كادىر ئومۇمىي ۋەزىيەت، ستراتېگىيە ۋە تارىخ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىنى يىقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا، بولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۆزى ئۈستىگە ئالغان تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ۋە ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇشى لازىم.

ھازىر، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىيىتى ئومۇمەن ياخشى. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى بەش يىل كۆپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن بەش يىل بولدى. پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقئارا ۋەزىيەتتە بولغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ۋە دۆلىتىمىز ئىچىدە بولغان سىياسىي ۋەقەنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كۆتۈردى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرمۇ مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا قانات يايدۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. بەش يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلەر پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنىنىڭ توغرىلىقىنى، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان بىرقاتار تەدبىرنىڭ توغرىلىقىنى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كېلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 100 يىللىق ئار-نومۇسى ئاقلاندى، پۈتۈن دۇنيادىكى خۇاشيا ئەۋلادلىرىنىڭ دىلى يايراپ، ۋەتەننىڭ كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەندى ۋە ئىپتىخارلاندى، بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ مەركەزگە ئىنتىلدۇرۇش كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى. كىشىلەر جۇڭگونىڭ غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان 100 يىللىق تارىخىنى ئەسلەش، ھازىرقى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى، ئۆزگىرىشنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىكى، جۇڭگو نامراتلىق، ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىدىغان، قالاقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆپەيلىدىن باشقىلارنىڭ تايىقىنى يەيدىغان تارىخىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتىمەن دەيدىكەن، جاسارەت بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىپ، قۇدرەت تېپىش يولىدا قەيسەرلىكنى كۆرسىتىشى لازىم؛ جۇڭگو مىللەتنى ئازادلىققا چىقىرىش ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمەن دەيدىكەن، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولۇشى ۋە ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللىنىشى لازىم؛ جۇڭگو دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا يېتىشىمەن دەيدىكەن، بېكىنمىچىلىك ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشى لازىم. شياۋگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى بىلەن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىدە ئۇرغۇپ چىققان غايەت زور ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور ماددىي كۈچكە ئايلانماقتا.

يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇش مۇساپىسىدە، بىز دۆلىتىمىزنىڭ كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان خەلقئارا رىقابەتكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد بىلەن پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنىڭ بېسىمى ۋە زومىگەرلىك، زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتىمۇ بىرمۇنچە قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتۇق. بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان تارىخىي پۇرسەت تۇرماقتا، بىزدە ئۆزىمىزنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ نۇرغۇن پايدىلىق شەرت-شارائىت-لىرى بار. بولۇپمۇ بىزدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى بار، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بار، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ياراتقان ماددىي ئاساس ۋە توپلىغان مول تەجرىبىلەر بار. بىز مۇشۇ پايدىلىق شەرت-شارائىتلاردىن ئوبدان پايدىلىنىپ، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان كۈرەش روھىمىزنى ساقلاپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيدىغانلا بولساق، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىتىش نىشانىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش كادىرلىرىمىز جۇڭگونىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى جەريانىدا قانداق تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان؟ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئالغان تارىخىي مەسئۇلىيىتى: دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە-سى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا، پائال ئىجرا قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، جۇڭگوچە

سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى يېڭى ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىش، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆز خىزمىتىدە نەتىجە يارىتىشتىن ئىبارەت. بۇ - ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان تارىخىي مەسئۇلىيەت، ئىنتايىن شەرەپلىك، ئۇلۇغۋار تارىخىي مەسئۇلىيەت. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 70 نەچچە يىل جەريانىدا، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كوممۇنىستلار ۋە سانسىزلىغان ۋىجدانلىق كىشىلەر قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ئالدىنقىسى يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، نۇرغۇنلىغان ئىزدىنىش ۋە كۈرەشنى باشتىن كەچۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان خەۋپ-خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاخىرى جۇڭگونىڭ بۈگۈنكىدەك ياخشى ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بىز چوقۇم پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئېچىپ بەرگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا يۈز كېلەلەيمىز، خەلققە يۈز كېلەلەيمىز، كېيىنكىلەرگە يۈز كېلەلەيمىز.

رەھبىرىي كادىرلار تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتا، ئۆزىگە يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز كادىرلار قوشۇنىنى "تۆتلەشتۈرۈش" فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كونا-يېڭى كادىرلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە زور نەتىجىگە ئېرىشتى. پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ساپاسى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى. بىراق، كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئىنقىلابقا قاتناشقان پېشقەدەم يولداشلار ئاساسىي جەھەتتىن چېكىنىپ بولدى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە خىزمەتكە قاتناشقانلارمۇ تۈركۈملەپ چېكىنمەكتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان ئوتتۇرا ياشلىق، ياش كادىرلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. كونا-يېڭى ئەسىر ئالمىشىۋاتقان پەيتتە، پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنىدا كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە ئالمىشىشى ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچقا قەدەم قويماقتا. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ھازىرقى رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە ئاساسىي تەرىپى ياخشى، ئۇلار پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنىگە ئەمەل قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ. بىراق شۇنىمۇ ئەينەن ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، خېلى بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ساپاسى، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالمايۋاتقان ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت. يولداش جياڭ

www.uyghurkitap.com

زېمىن ئۆتكەن يىلى ”1-ئىيۇل“ ھارپىسىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ”ئېغىر مەسىلە كادىرلارغا تەربىيە بېرىشتە“ دېگەنىدى، ئۇ يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسى ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋە كادىرلار قوشۇنىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى تەكىتلىدى. بۇ مەسىلىنى بىز ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە ستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشىمىز، كەڭ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ھەم جىددىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ھەقىقىي تۇتۇشىمىز، ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم.

يېڭى دەۋردىكى رەھبىرىي كادىرلارغا قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ توغرىسىدا، پارتىيىمىزنىڭ نىزامنامىسىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئۆتكەن يىلى ”1-ئىيۇل“دا قىلغان سۆزىدە يەنە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا بىرقانچە ماددا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ تەلەپلەرگە يېتىش ئوڭاي ئەمەس، لېكىن يېڭى دەۋردىكى تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان لاياقەتلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش ئۈچۈن، ئاڭلىق ھالدا، ئىزچىل تۈردە مۇشۇ تەلەپلەر بويىچە ئىشلەش لازىم.

**(1) چوقۇم دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.** يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر، بايراق ئوبراز دېمەكتۇر. بىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەندىن تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىمىز دېگىنىمىز دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە تەۋرەنمەيمىز دېگەنلىكتۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى ھەم داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭگودا سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپ بەردى، ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىردىنبىر توغرا نەزەرىيىدۇر. ھازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە ئەمەس، مۇشۇ نەزەرىيىلا ھەل قىلالايدۇ.

دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈش پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى، ئالدى بىلەن، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى. دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى—جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، شۇنداقلا ھەربىر كادىرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىدىكى تۈپ ئىدىيىۋى قورالى. بۇ نەزەرىيىنى ئۆزلەشتۈرگەن-

ئۆزلەشتۇرمىگەنلىكىنىڭ، بۇ نەزەرىيىنى ئەتبىقلاپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش-قىلالماسلىقىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زور، ھەربىر كىشىنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن زور. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، بىر كادىرنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا تەۋرىنىپ قېلىشى كۆپ ھاللاردا نەزەرىيىۋى تونۇشنىڭ مۇجمەللىكىدىن بولىدۇ؛ ئەمەلىيەت جەريانىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلىشى كۆپىنچە نەزەرىيە جەھەتتە قەتئىي، كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولىدۇ. رەھبىرىي كادىر بولغان كىشى پەقەت مۇشۇ ئۇلۇغ نەزەرىيىنى ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدۇ، ئۆزىنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلالايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، لاياقەتلىك رەھبىرىي كادىر بولالمايلا قالماي، دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قېلىشىمۇ مۇمكىن. بەزى جايلارنىڭ كادىرلارنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، ھازىر خېلى بىر قىسىم كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى يېتەرلىك بولمىغان، بەزى كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى ھەتتا ئىنتايىن يېتەرسىز دېيىشكە بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ھەرگىز قۇرۇق شوئار بولماستىن، ھەقىقىي ھەرىكەت تەلەپ قىلىدۇ. ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى، ئاساسىي قائىدىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى، ماركسىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى تىرىشىپ ئىگەللەپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيىنى قوللىنىپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەق-ناھەقنى، سىياسىي جەھەتتىكى ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن قىيىنچىلىق ۋە كاشىلىلارغا يولۇققاندا، ھەر خىل گەپ-سۆزلەر ۋە بېسىمغا ئۇچرىغان چاغدا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە، ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ.

مەن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا، ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلى بولۇشى لازىم. دېمەك، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئەمەس، ئەستايىدىل ئۆگىنىدىغان، يۈزەكى ئەمەس، ھەقىقىي ئۆگىنىدىغان، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان ئەمەس، بىر-بىرىنى زىچ بىرلەشتۈرىدىغان ئۆگىنىش كەيپىياتىنى يېتىشتۈرۈش لازىم. پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدا، ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى، دوگماتىزملىق، تەجرىبىچىلىك، مېتافىزىكا قاتارلىقلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى پارتىيە ئىشلىرىنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ۋە زىيانغا ئۇچراتقانىدى. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز بۇ ئاچچىق ساۋاقنى قوبۇل قىلغاچقا، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىدا ۋە پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىشلاردا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى تېخىمۇ ئالغىلىق ھالدا جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنى بىلىش كېرەككى، ماركسىزم ئوبيېكتىپ پاكىت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنى ئىزچىل تۇردە ئۆزىنىڭ ئاساسى

قىلىپ كەلگەن ھەممە ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدىغان ئىلمىي ھەقىقەت، پەقەت توغرا مەيداندا تۇرۇپ، ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتقاندىلا، ئۇنى ئۆزلەشتۈرگىلى، ئىگەللىگىلى بولىدۇ. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەندە، چوقۇم ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مەركەز قىلىشتا، ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيىنى ئىشلىتىشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، يۈز مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىكى يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتلارنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ۋە دەۋر تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ ماركسىزمنى سۆزلەشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، ماركسىزمنى يەككە-يىگانە، تۇرغۇن نەرسە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىپ، ماركسىزم بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى جانلىق تەرەققىياتىنى ئايرىۋەتكەندە، قارىمۇقارشى قىلىپ قويغاندا، ئۇنىڭ چىقىش يولى بولمايدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي سىستېما. ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتەرگەنلىك بولىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالاھىدە مەسىلىسى، تەربىيىلىنىش مەسىلىسى، غايە مەسىلىسى، مەسئۇلىيەت مەسىلىسى، قىلماق تەس، ئەمما تىرىشىپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. سەممىي پوزىتسىيىنى تۇتۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈپ، قاتتىق تۇتۇش قىلغاندا، ھەقىقىي تۇتۇش قىلغاندىلا، ئاندىن نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە ئالغا باسقىلى، نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىش جەھەتتىكى ھورۇنلۇقنى ۋە قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتىنى، چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلمەيدىغان، يۈزەكى ئۆگىنىپلا بولدى قىلىدىغان ھادىسىلەرنى تۈگىتىپ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىش، ئۇزاققىچە ئۆگىنىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ھەقىقىي تۈردە ئۇلۇغ نەزەرىيىنى ئۆگىنىشنىڭ، ئۇلۇغ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ چىقىش لازىم.

**(2) پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى چوقۇم ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئاكتىپ ھالدا ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ پرىنسىپچانلىقى، سىستېمىلىقلىقى، ئالدىن كۆرەرلىكى ۋە**

**ئىجادچانلىقنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.** پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا" دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى — دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. ئۇ، پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا ئىگىلەش ئاساسىدا چىقارغان ئىلمىي يەكۈن. بۇ ئاساسىي لۇشيەن مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ مەنپەئىتىنى ئەتراپلىق ھەم مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈپ مەقسىتىنى تولۇق ئىپادىلىگەن بولۇپ، ھازىرقى باسقۇچتا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئالىي مىزاندۇر. قىلچە تەۋرەنمەستىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىمىزنىڭ ھەر خىل سىناقلاردىن ئۆتۈپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا نىشانغا يېتىشىنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرىمىز، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىمىز دېيدىكەنمىز، ئاساسلىقى بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئاكتىپ ھالدا ئىزچىللاشتۇرىمىز دېسەك، چوقۇم نۆۋەتتىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى خىزمەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىز دۇچ كەلگەن بىر قىسىم ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە تۈپ ۋەزىپىنى چوڭقۇر تونۇش ۋە توغرا ئىگىلەش مەسىلىسى. ئۇن نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، جۇڭگودا ھەقىقەتەن چوڭ تەرەققىياتلار بولدى، بىراق بىز ھازىر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز ھەم مۇشۇ باسقۇچتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرىمىز. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېن ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرىنى داۋاملىق قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك، ھازىرقى ئەھۋالنىڭ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ياخشىلىنىشىغا قاراپلا يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدەك ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇنتۇپ قالساق، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتىكى قەتئىي ئىرادىدىن تەۋرىنىسەك ھەرگىز بولمايدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت باشتىن-ئاخىر خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي-مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. دەل مۇشۇ ئاساسىي زىددىيەت بىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پۈتۈن

پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ مەركىزى قىلىشىمىز لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. پەقەت مۇشۇ ئاساسىي زىددىيەتنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئاندىن جەمئىيىتىمىزدىكى زىددىيەتنىڭ ئومۇمىيىتىنى توغرا كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە مۇھىم تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىپ، ھەر خىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنىڭ تەدرىجىي ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قانداق قىلىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش مەسىلىسى. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، بىزنىڭ ھازىر قۇرۇۋاتقىنىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم، شۇڭا بىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دەسلەپكى باسقۇچتىكى دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇشىمىز ۋە ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك. بۇ مەملىكىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە توغرا يولى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە ئارىلاشما ئىگىلىك ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىك تەركىبى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىك تەركىبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك دېگەن ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش- بولماسلىقىنى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقىنى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقىنى توپ ئۆلچەم قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك شەكلىنى تىرىشىپ تېپىپ چىقىش كېرەك. ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى، تەشكىلىي شەكىللەرنىڭ ھەممىسىنى يۈرەكلىك ھالدا قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش-چىقالماسلىقى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەركەز دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا ئەزەلدىن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى ۋە بىر قاتار توغرا يېتەكچى ئىدىيە ۋە فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ھازىر تونۇشنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلغان ئىسلاھاتنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، قىيىنچىلىقتىن قاچماي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. يەنە مەسىلەن، قانداق قىلىپ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى پۇختا

ئىگەللەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي مۇھىتنى ۋە مۇقىم بولغان جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش مەسىلىسى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئالمىشىۋاتقان، ئىسلاھات چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتكە تاقاشقان ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىرقەدەر چوڭ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدىكى پەيدىلىنىش ۋە سوقۇشۇش بىرقەدەر كۆپ، بەزى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرمۇ مەلۇم دائىرىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ، مۇشۇنداق شارائىتتا مۇقىملىقنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ هال بىزدىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ۋەزىپىنى چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قولدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى، بىر قولدا جىنايەتچىلەرنى جازالاشنى تۇتۇشنى؛ بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى، بىر قولدا جەمئىيەت ئامانلىقنى تۇتۇشنى؛ بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى، بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىز ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم، بىراق جەمئىيەتتە بەزىبىر مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىنچىكە پىلانلاپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى، ئىسلاھاتنىڭ كۈچىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىنى بىر تۇتاش ئويلىشى كېرەك، بولۇپمۇ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئىچىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنى توغرا تونۇشى ۋە ھەل قىلىشى، شەپىسىدىن يۆنىلىشنى بىلىشكە، چاتاقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى توسۇشقا ماھىر بولۇپ، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقنى ئىگەللەپ، زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلە-لەرنى ئالدىنئالا بىر تەرەپ قىلىپ، بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىشى كېرەك.

**(3) چوقۇم ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاكتىپ ئىزدىنىپ، يۈرەكلىك ھالدا ئەمەلىيەتكە ئاتلىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك.** ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جەۋھىرى؛ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىر تولۇق ئۇلۇغ ۋە جاپالىق ئىجادىي ئىش، شۇڭا بىزنىڭ ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن باشقا يولىمىز يوق. مەملىكىتىمىزنىڭ ئون نەچچە يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتسەك شۇنى كۆرىمىزكى، يېزا ئىسلاھاتىدىن تارتىپ شەھەر ئىسلاھاتىغىچە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن تارتىپ ھەر ساھەدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغىچە، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشتىن تارتىپ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشقىچە، بىزنىڭ ھەربىر قەدەم ئىلگىرى-لىشىمىز مۇشۇ يولدا ماڭغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى، ئىدىيىدە ئازاد بولغانلىقىمىز، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن

ئىزدىگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسى. 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى پۇرسىتى ئالدىدا، ئىلگىرىلەش يولىدا ئىلگىرى ئۇچراپ باقمىغان زور مىقداردىكى يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا، بىز چوقۇم ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىكى قەتئىيلىك ۋە ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن داۋاملىق يۈرەكلىك ھالدا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، ”ئۇچكە پايدىلىق بولۇش“نى خىزمەتتىكى ھەق-ناھەق، پايدا-زىيانغا ھۆكۈم قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. پەقەت ئىدىيىدە ئازاد بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ؛ پەقەت ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەندىلا، ئاندىن ئىدىيىدە ھەقىقىي ئازاد بولغىلى بولىدۇ. ماركسىزمنى ئىنكار قىلىش، پېشقەدەملەرنى چۆرۈپ تاشلاش بىزنى يامان يولغا باشلاپ ماڭىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي خاتا. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىمىز ماركسىزمنىڭ بەزى پرىنسىپلىرىنى، بەزى كىتابلىرىنى دوگمىلارچە چۈشىنىش ئۈستىدە، سوتسىيالىزمغا بولغان بەزى ئىلمىي بولمىغان ھەتتا بۇرمىلانغان تونۇشلار ئۈستىدە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكەن ناتوغرا ئىدىيىلەر ئۈستىدە توختاپ قالىدىغان بولسا، تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلاشقىلى، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولمايدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيە ئارقىلىق دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى ۋە خىزمەت سەۋىيىسىنى تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئەمەلىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

بۇ يەردە مەن كادىرلار ئارىسىدا ئىككى خىل ئىستىلنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇنىڭ بىرى ئەمەلىي ئىش قىلىپ پىششىق يارىتىش، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشتىكى تۈپ مەقسەت بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئارقىلىق ھەر تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا بيۇروكراتلىق قىلىش، يۇقىرىدا تۇرۇۋېلىپ قۇرۇق گەپ سېتىش، ئىشنى يۈزە ئىشلەپ شەكىلۋازلىق قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ناچار ئىستىللاردىن دائىم ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنى تۈزىتىشىمىز كېرەك. خىزمەت ئىشلەشتە ھەمىشە پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ قىيىن ۋە مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا جىددىي قاراشقا جۈرئەت قىلىش، جاسارەت

بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان، باش ئەگمەيدىغان روھىي ھالەتتە بولۇش كېرەككى، روھسىزلىق قىلىشقا، باشقىلاردىن ئاغرىنىشقا، قىيىنچىلىقتىن قېچىشقا بولمايدۇ. ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە، رەھبىرىي كادىرلار تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئالدىغا چىقىپ، قەتئىي ھالدا ئاممىا بىلەن بىرگە بولۇشى، ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشى كېرەك. يەنە بىرى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇستىلى، بۇ—ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، سۇبيېكتىپ تونۇشنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ ھالقىسى. رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم باشلامچىلىق بىلەن ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىشى، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىشى، ئاممىا ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشى كېرەك. يېزىلارغا بارسا كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە كىرىشى، زاۋۇتلارغا بارسا سېخلارغا، بەن-گورۇپپىلارغا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىغا چۈشۈشى، مەكتەپ-لەرگە بارسا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىشى كېرەك. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگەللىشى، ياخشى ئىشلار ھەققىدىكى ئىنكاسلارغىمۇ، يامان ئىشلار ھەققىدىكى ئىنكاسلارغىمۇ قۇلاق سېلىشى لازىم. قوشقاچنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى كۆرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ شارائىتى ناچار، قىيىنچىلىقى كۆپ، خىزمىتى جاپالىق جايلارغا دائىم چۆكۈپ تۇرۇشى كېرەك. قىسقىسى، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، كادىرلىرىمىز ئۇستىل جەھەتتە بارغانسېرى چوڭقۇر چۆكۈشى، خىزمەتنى بارغانسېرى پۇختا ئىشلىشى كېرەك، يىغىن ئېچىش، نۇتۇق سۆزلەش، ھۆججەت تارقىتىش يولى بىلەن خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرىمەن دېيىش ھەرگىز ئاقمايدۇ.

**(4) چوقۇم جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان گۆش بىلەن قاندەك يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاش كېرەك.**

بۇ، باشتىن-ئاخىر پارتىيىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇشى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش خىسلىتىنى ساقلىشىدىكى بىر تۈپ مەسىلە. يېڭى دەۋردە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا، پارتىيىمىز تۇرۇۋاتقان مۇھىتتا ھەقىقەتەن زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، بىراق قانداق ئۆزگەرمە-سۇن پارتىيىنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتى قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ. كوممۇنىس-تىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كەڭ ئاممىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى ئىدىيىۋى ئۇستىل مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ تۈپ مەيدان مەسىلىسى، دۇنيا قاراش مەسىلىسى، پارتىيىۋىلىك مەسىلىسى. مەركەز رەھبىرىي كادىرلار سىياسەتنى تەكىتلىشى كېرەك دەپ قايتا-قايتا تەكىتلەۋاتىدۇ. بۇ، تۈپ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلىگەنلىك. بىز، رەھبىرىي كادىرلار توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىبى www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتىمىز، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان يۈنىلىش خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يۈنىلىشىدۇر. بىز، رەھبىرىي كادىرلار مۇستەھكەم، توغرا سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇشى كېرەك، دەپ كېلىۋاتىمىز، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان مەيدان ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەيدانىدۇر. بىز، رەھبىرىي كادىرلار توغرا سىياسىي كۆزقاراشنى مۇستەھكەم تىكلىشى كېرەك، دەپ كېلىۋاتىمىز، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان كۆزقاراش ئەڭ ئاساسلىقى ماركسىزمنىڭ ئاممىۋى كۆزقارىشىدۇر. بىز، رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك، دەپ كېلىۋاتىمىز، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىنتىزام ئەڭ مۇھىمى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىدىيىۋى جەھەتتىن، سىياسىي جەھەتتىن يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۇقىرى دەرىجىدە بىرلىكنى ساقلاشتىن ئىبارەت. بىز، رەھبىرىي كادىرلار سىياسىي پەرقلەندۈرۈش كۈچىگە ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ كېلىۋاتىمىز، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان پەرقلەندۈرۈش كۈچى ۋە سەزگۈرلۈك ئاساسەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ئاساسەن سىياسىي جەھەتتىكى چوڭ ھەق- چوڭ ناھەق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەم توغرا پەرقلەندۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز سىياسەتنىڭ يىلتىزى خەلقتە، سىياسەتنىڭ قان تومۇرى خەلقتە ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ رايىغا ئىگە بولغاندا روناق تاپىدىغانلىقى، خەلقنىڭ رايىدىن ئايرىلغاندا زەئىپلىشىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى كېرەك. بىز مەسىلىنى ئويلىغاندا، ئىش بېجىرگەندە، تەدبىر كۆرگەندە يۇقىرىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن ئاممىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ "ھىمايە قىلىش-قىلماسلىقى"، "ياقلاش-ياقلىماسلىقى"، "خۇشال بولۇش-بولماسلىقى"، "ماقۇل بولۇش-بولماسلىقى"نى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشان قىلىشىمىز، ئىدىيە جەھەتتە ئاممىنى ھۆرمەتلەش، ھېسسىيات جەھەتتە ئاممىغا يېقىنلىشىش، ھەرىكەت جەھەتتە ئامما ئارىسىغا چۆكۈش، خىزمەت جەھەتتە ئاممىغا تايىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ھەربىر يەرگە بارغاندا، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىشىمىز، ئاممىنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىشىمىز، ئاممىنىڭ زارىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىغا غەمخورلۇق قىلىشىمىز، تىرىشىپ ئاممىغا ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىمىز، ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. ئاممىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىگە، تۈپ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا ئىچىمىز ئاغرىماسلىقى، مەقسەتكە يەتمىگۈچە نىيەتتىن ياناماسلىقىمىز كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاممىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتىگە، جانجان مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، بولۇپمۇ ئاپەت رايونلىرى، نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ ۋە كارخانىلاردىن ئىشسىز قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز، دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتتە چىڭ تۇرۇشىدىكى

يادرولۇق بىر مەسىلە ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىش ياكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن باشتىن-ئاخىر قاتتىق سىناق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ كادىرلىرىمىزنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى، ھوقۇقى چوڭايغانسېرى، پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىدە شۇنچە چىڭ تۇرۇشى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. يېڭى تارىخىي شارائىت ئاستىدا، ماددىي مەنپەئەتنىڭ كۈچلۈك قىزىقتۇرۇشى ۋە تەسىرى ئالدىدا، ھەر خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئالدىدا، رەھبىرىي كادىرلار مۇبادا مەسىلىنى كىچىك دائىرىدە تۇرۇپ ئويلىسا، ئۇنداقتا ئېلىش بىلەن تەقدىم قىلىش، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، مەسىلىنى چوڭقۇر ئويلاپ يېتەلمەسلىكى ۋە ئېنىق چۈشىنەلمەسلىكى، مەلۇم شارائىت ئاستىدا ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، ھەتتا يۈز-خاتىر قىلىپ قانۇنسىزلىق قىلىدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى بولۇپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان يولغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. پەقەت ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچنىڭ يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ ھوقۇقتا مۇئامىلە قىلغاندا، مەسىلىلەرنى چۈشەنگەندە ۋە ئويلىغاندا، ئاندىن يىراقنى كۆرۈپ، قورساقنى كەڭ تۇتۇپ، ئاكتىپ تۆھپە يارىتىپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشتەك خىسلەتنى مەڭگۈ ساقلىغىلى بولىدۇ.

**(5) دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ پرىنسىپىنى ۋە قائىدىلىرىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى ئاكتىپ قوغداش ۋە كۈچەيتىش لازىم.** دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىمىزنىڭ تۈپ تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە تەشكىلىي تۈزۈمى، شۇنداقلا تۈپ تەشكىلىي ئىنتىزامى ۋە مۇھىم سىياسىي ئىنتىزامى، بۇنىڭغا ھەرقانداق يەر ۋە ئورۇندىكى كادىرلار مۇستەسناسىز ھالدا رىئايە قىلىشى كېرەك. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يالغۇز خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت ئىستىلى مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى تولۇق مۇستەھكەملىكىنى، ھەرىكەت جەھەتتىكى يۇكسەك بىردەكلىكىنى ساقلىشىغا ۋە جەڭگىۋارلىقىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، بىزنىڭ دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە ئۆزئارا بىرلەشكەن تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى ”تۆتكە بويسۇنۇش“، بولۇپمۇ پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركەزگە بويسۇنۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئۇنداق بولمىغاندا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىدىكى ۋە ھەرىكەتتىكى بىرلىكىنى كۈچەيتىمىز دېگىنىمىز بىر قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەرنىڭ

ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشى بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرلا كىشىنىڭ گېپى گەپ بولۇش ئەھۋالىنىڭ ۋە ئائىلە باشلىقلىق ئىستىلىنىڭ سادىر بولۇشىدىن، باشباشتاقلىق قىلىش ۋە ھەركىم ئۆز بىلگىنىنى قىلىشتەك ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ھەقىقىي ساقلىنىشى ۋە ئۇنى تۈگىتىشى لازىم. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تۇرمۇشىغا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە ئەستايىدىل قاتنىشىشى، ھەم ئۇمۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، "بەن-جاڭ"نىڭ نوپۇزىنى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، ھەم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا پىكىر بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلىشى لازىم، چاكىنىلار-چە تەخسكەشلىك قىلىشقا ۋە رايىغا بېقىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئاساسلىق رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان كادىر دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا باشلامچىلىق رول ئوينىشى، دېموك-راتىيىنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ، توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يۈرگۈزۈشكىمۇ ماھىر بولۇشى، دائىم تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، تەشكىلنىڭ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، تىرىشىپ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى بىر يۈرۈش ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان، باشقۇرۇشچانلىققا ئىگە بولغان خىزمەت تۈزۈمى قىلىپ كونكرېتلاشتۇرۇپ چىقىش لازىم. بۇ جەھەتتە، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى. مەركەز ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئارقا-ئارقىدىن بىر قاتار تۈزۈم ۋە بەلگىلىمىلەرنى، جۈملىدىن يەرلىك پارتكوملارنىڭ خىزمەت تۈزۈمى، پارتىيە ئىچىدىكى سايلام تۈزۈمى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمى، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇش تۈزۈمى، پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك بولۇش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ، پارتىيە ئىچىدىكى پائالىيەتلەر-نى قېلىپلاشتۇرۇش، پارتىيە تۇرمۇشىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇش، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىش، ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى، شارائىت ۋە ئاساس يارىتىپ بەردى. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، قاتلامىمۇ قاتلام مەسئۇل بولۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى قائىدە-نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىچىدىكى قائىدە-نىزاملارنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش، تۈزۈمگە ئەمەل قىلمايدىغان، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان ھادىسە-لەرنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار دېموكراتىيە-

مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىشى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەنى ئاساسىدا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى، شۇنداقلا سىياسىي جەھەتتىكى يۈكسەك بىردەكلىكىنى ئاڭلىق قوغداپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ئۈستۈنلۈكىنى ۋە تەشكىلىي ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

**(6) چىرىتىشنى ئاڭلىق توسۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش جەھەتلەردە چوقۇم نەمۇنە كۆرسىتىش لازىم.** بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم، توغرا مەيداندا تۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئىستىل جەھەتتە پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئادەم ئىشلىتىشتە ئادىل بولۇش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشتا ساغلام كەيپىياتنى ئۈلگە تىكلەپ، يامان ئىللەتلەرنى يوقىتىشنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار بۇ جەھەتلەردە ياخشى قىلالايدۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويالايدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، كۆڭ فەنسېنگە ئوخشاش ياخشى كادىرلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئىش-ئىزلىرى بىزنىڭ ياخشى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بىراق شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، ھەقىقەتەن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىگە قويىدىغان تەلەپنى بوشاشتۇرۇپ، ئانچە پاك بولماي، ۋاتىدۇ. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ، ئەنزە سادىر بولۇش دەرىجىسى يۇقىرىلاۋاتىدۇ. ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىدىغان، ھەدەپ خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق قىلىدىغان، تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىدىغان ئەھۋاللار ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلاردا خېلىلا ئېغىر ۋە گەۋدىلىك كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بەزىلىرى جىنايەت گىردابىغا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالغا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشى كېرەك.

نۆۋەتتە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كۈچى ئېشىۋاتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر چوڭقۇرلاۋاتىدۇ، ئۈنۈمىمۇ بارغانچە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بىراق، بۇ جەھەتتىكى ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل، ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن جىددىي، شۇڭا ھەرگىزمۇ بىخۇتلۇق قىلىشقا ۋە بوشىشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش تارىخى كۆرسەتتىكى، بىزنىڭ بۇ پارتىيىمىزنى ھەرقانداق دۈشمەن يىمىرەلمەيدۇ، غۇلىتىۋېتەلمەيدۇ. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشىغا ۋە سىڭدۈرمىچىلىك قىلىشىغا قارىتا، ھوشيارلىقىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم، ئەمما قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق. قورغاننى ئىچىدىن ۋەيران قىلسا ئوڭاي ۋەيران بولىدۇ. ئىشنىڭ ئاچقۇچى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاما قاتتىق يېرگىنىۋاتقان چىرىكلىك مەسىلىسىنى تۈزەشتە. مۇبادا چىرىكلىك ھادىسىسى ئۈنۈملۈك تۈزەلمىسە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا

قاتتىق تەسىر يېتىدۇ، پارتىيىمىزمۇ ئاممىنىڭ قوللىشىدىن ۋە ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك خەتەرگە يولۇقىدۇ. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ۋە چىرىتىشنى توسۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش لازىم. ئىدىيىۋى تەربىيەنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. قانۇن-تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىنغان ئەنزىلەرنى، ئۇنىڭ قايسى ئورۇنغا، قايسى تارماققا چېتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ چىرىكلەشكەنلەرنى، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم قاتتىق جازالاش، ھەرگىزمۇ يامانلىق رايىغا قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار پاك-تەلەپچان بولۇشتا باشلامچى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە يېنىدىكى خىزمەتچىلىرىنىمۇ ئوبدان باشقۇرۇشى، ئۆز جايىدىكى، ئۆز تارمىقىدىكى، ئۆز ئورنىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. باشقىلارنى تۈزەش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىنى تۈزەش لازىم. رەھبىري كادىر پەقەت ئۆزىنى پاك تۇتقاندىلا، ئاندىن شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولالايدۇ، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، چىرىكلىككە ۋە رەزىللىككە قارىتا قەتئىي كۈرەش قىلالايدۇ. ھەر بىر رەھبىري كادىر ئۆز ئابرويىنى ساقلىشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۆزىنى ھوشيار تۇتۇشى، ئۆزىنى تىرىشىشقا ئۈندەپ تۇرۇشى، ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىنى قەتئىي توسۇشى لازىم. ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئويلاپ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە سۆز-ھەرىكىتىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، كاللىنى سەگەك تۇتۇشى لازىم. جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشى، ئالدىراقسان بولماسلىق، مەغرۇرلانماسلىق، مۇبالىغە قىلماسلىق، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىقنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم. ئالدىراقسان بولماسلىق دېگەنلىك لەيلەپ يۈرمەسلىك، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىك، يۈزەكى ئىش قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر؛ مەغرۇرلانماسلىق دېگەنلىك ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ تۇرۇۋالماسلىق، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىق، تۆھپىنى ئۆزىگە تارتىپ، سەۋەنلىكنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويماسلىق، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى باشقىلارنىڭ يېتىشسىزلىكىگە سېلىشتۇرماسلىق دېگەنلىكتۇر؛ مۇبالىغە قىلماسلىق دېگەنلىك باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۇئامىلە قىلىش، قىلغان ئىشنى ئاشۇرۇپ سۆزلىمەسلىك، قۇرۇق ھەيۋە قىلماسلىق، قۇرۇق گەپ سېتىپ باشقىلارنى ئاغزىغا قارىتىۋالماسلىق دېگەنلىكتۇر؛ ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق دېگەنلىك ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماسلىق، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق ئىش قىلماسلىق، ھوقۇق، پۇل، ساھىبجامالنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش دېگەنلىكتۇر. رەھبىري كادىرلار مۇشۇلارنى ئورۇندىيالىغاندىلا، ئاندىن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئېغىر ۋە جاپالىق ۋەزىپە ۋە گۈزەل، پارلاق كەلگۈسى ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. خەلق ئاممىسى پارتىيىمىزدىن سەممىي ئۈمىد كۈتمەكتە. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جاپالىق ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، بىر نىيەت ــ بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋالايلى.

**خۇدابەردى خېلىل**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: دولقۇن قادىر**

**قاھار پولات**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىلمىي سوتسىيالىزمغا قوشۇلغان ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپە

**ۋۇ مېڭچاۋ**

يولداش جياڭ زېمىن 5-ئاينىڭ 29-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئاچقان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماركسىزمنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا داۋاملاشتۇرۇلۇشى، راۋاجلاندۇرۇلۇشى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى.

ھازىرقى زامان جۇڭگوسى ۋە 20-ئەسىردىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى يوق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ! تارىخمۇ، پارتىيە ۋە خەلقمۇ شۇنى ئۇنۇتمايدۇكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 4-ماي ھەرىكىتىدىن باشلانغان قايناام-تاشقىنلىق ھەم جاپا-مۇشەققەتلىك، ئەگرى-توقاي ئىنقىلابىي ھاياتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 20-ئەسىردە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى ۋە تەقدىرى بىلەن، جۇڭگو خەلقىنىڭ 20-ئەسىردە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى ۋە تەقدىرى بىلەن، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ 20-ئەسىردە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى ۋە تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان. مەيلى جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قارىمايلى ياكى دۇنيادىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىدىن ئېلىپ ئېيتمايلى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەسىر خاراكتېرلىك، دۇنيا خاراكتېرلىك ئۇلۇغ تارىخىي شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارلاق تۆھپىسى ۋە سالاپىتىنى ياد ئەتكەندە، سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي مۇساپىسى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇشى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن شۇنداقلا 20-ئەسىردە دۇنيا مىقياسىدا بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى شەكلى— دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ماركسىزم تەرەققىيات تارىخىدىكى تارىخىي ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى ئىلمىي ھالدا چۈشىنىشىمىز لازىم.

## 1

20-ئەسىر مىللەتلەر تارىخى دۇنيا تارىخىغا قاراپ ئۆزگىرىدىغان مۇھىم دەۋر. بۇ ئارىلىقتىكى مۇھىم ۋەقەلەر ۋە روشەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، سوتسىيالىزم شەرقتە باش كۆتۈرۈپ، كاپىتالىزم پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولغان تارىخىي ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاشقا باشلىدى. ئالدىنقى يېرىم ئەسىردە، دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۇرۇش ۋە ئىنقىلاب. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا بازارلىرىنى تالىشىشى ۋە تەسىر دائىرىسىنى بۆلۈشۈۋېلىشى سەۋەبىدىن، ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى؛ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھالدا، ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىنقىلاب يۈز بەردى. بىرىنچى قېتىملىقى روسىيىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماڭغان يولى شەھەرلەردە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بولدى؛ يەنە بىر قېتىملىقى ياۋروپا ۋە ئاسىيادا بولدى، زور بىر تۈركۈم دۆلەتلەردە ئىنقىلاب بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ تىپىك ۋە ۋەكىللىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى جۇڭگو ئىنقىلابى بولدى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ماڭغان يولى يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش، ئاندىن كېيىن شەھەرلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاخىرى مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بولدى. ئىككى قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ ماڭغان يولى گەرچە پۈتۈنلەي باشقا-باشقا بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەل قىلماقچى بولغىنى ئوخشاش بىر ئاساسىي مەسىلە، يەنى ئارقىدا قالغان مەملىكەتتە قانداق قىلىپ سوتسىيالىزم قۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. كېيىنكى يېرىم ئەسىردە، دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسى تىنچلىق ۋە تەرەققىيات. سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، ئۈچ ئىنقىلابنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيا خاراكتېرلىك تارىخىي ئۆزگىرىش ئىككى يېڭى ئېلىشىش ھالىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ چىقاردى: بىر "ھالەت" ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەتنىڭ كۈنسايىن كەسكىن بولۇشى؛ يەنە بىر "ھالەت" غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ "ئىس-تۈتەك بولمىغان" دۇنيا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئۇرۇنۇشى. مۇشۇنداق چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، تەرەققىيات مەسىلىسى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى مەركىزىي مەسىلىگە، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش-چۈشكۈنلىششى، راۋاج تېپىش-ھالاك بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاچقۇچلۇق مەسىلىگە، ھەم سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ئاجىزلاپ كېتىش بىلەن كۈچىيىپ بېرىش مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي مەسىلىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قالاق تارىخىي ئاساستا سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورناتقان دۆلەتلەرنىڭ سوتسىيالىزمنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا جاپالىق ھەم ئەگرى-توقاي بولغان ئىزدىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرۈشى مۇقەررەر. مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئوڭۇششىزلىقتا، دۇنيا خاراكتېرلىك تارىخىي ئۆزگىرىش ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرىغا يۈزلىنىپ تۇرغان يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە دانالىقى ئۇنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە سىياسىتىنى بەلگىلەشتە باشتىن-ئاخىر 20-ئەسىردىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدىكى ئىككى چوڭ ئاساسىي مەسىلىنى— قالاق دۆلەتتە

سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش بىلەن سوتسىيالىزمنى قانداق گۈللەندۈرۈشنى بىر-بىرىگە باغلاش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرغانلىقىدا. ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ، ھەم جۇڭگونى سوتسىيالىزملا تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ؛ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولى ئۈستىدە قايتا ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ئېچىش لازىم. ئەمەلىيەت يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ خۇلاسىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. كاپىتالىزم كېڭىيىپ دۇنياۋى سىستېما بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھەم زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ ئىجتىمائىي دائىرىسى ۋە شەكلىدىمۇ مۇناسىپ ھالدا كېڭىيىپ كېتىشتەك ئوبيېكتىپ يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى، ئارقىدا قالغان دۆلەت، رايون ۋە مىللەتلەر كاپىتالىزم دۇنياۋى سىستېمىسى شارائىتىدا كۆپ زىددىيەتلەر توپلانغان نۇقتىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدا، كاپىتالىزم تۈزۈمى گەرچە مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدىغان بولسىمۇ، ئەمما تېخى تولۇق تەرەققىي قىلالمىغان ئارقىدا قالغان دۆلەت، رايون ۋە مىللەتلەردىكى ئىنقىلاب مەسىلىسى شۇنىڭدەك ئىنقىلاب بىلەن بىللە ئوتتۇرىغا چىققان كاپىتالىزم "كاۋتىن جىلغىسى"دىن ھالقىپ ئۆتۈش مەسىلىسى كونكرېتىپكە قويۇلۇپ، خەلقئارا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. شۇڭلاشقا، كاپىتالىزم دۇنياۋى سىستېمىسىنىڭ زىددى-يەتلىك ھەرىكىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنقىلابنىڭ ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردە ئالدى بىلەن پارتلىشى ۋە شۇ ئاساستا سوتسىيالىزمنىڭ بەرپا قىلىنىشى مۇقەررەر ئىش؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى سوتسىيالىزمنى گۈللەندۈ-رۈش جەريانىدا، كاپىتالىزم "كاۋتىن جىلغىسى"دىن ھالقىپ ئۆتۈش مەسىلىسىنى داۋاملىق ھەل قىلىشمۇ مۇقەررەر ئىش. سوتسىيالىزمنى گۈللەندۈرۈش ئىشىنىڭ ئىلگىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقى ئوبيېكتىپ پاكىت، ئەمما بۇ پاكىت ئارقىدا قالغان دۆلەتلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان تارىخىي قانۇنىيەتنى يوققا چىقارمىدى ۋە يوققا چىقىرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغان شارائىتتىمۇ، سوتسىيالىزم ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى قايتا تونۇشتەك زور مەسىلىنىڭ ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىلا ئىسپاتلايدۇ. شۇڭلاشقا، جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشتە، سوتسىيالىزمنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقى ئۈستىدىلا توختاپ قالماستىن، تونۇشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى 20-ئەسىردىكى سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدىكى ئاساسىي مەسىلىگە، ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە سوتسىيالىزمنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يۆتكىشىمىز لازىم.

## 2

20-ئەسىردىكى تارىخىي مۇساپىنى ئەسلىگەندە شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، سوتسىيالىزمنىڭ ئارقىدا

قالغان دۆلەتلەردىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى مەسىلىسى، بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىنغاندا، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ماركس ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان كاپىتالىزم «كاۋدىن جىلغىسى»دىن ھالقىپ ئۆتۈش مەسىلىسى ئۈستىدە قايتىدىن ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. ئارتۇق سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقكى، «كاۋدىن جىلغىسى»دىن ھالقىپ ئۆتۈش دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئەڭ دەسلەپتە ماركس روسىيە چار پادىشاسى دەۋرىدىكى يېزا كوممۇنىسىنىڭ قوش خاراكتېرلىق تارىخىي تەقدىرىگە قارىتىپ ئوتتۇرىغا قويغان. «ھالقىپ ئۆتۈش»نىڭ ئاساسىي شەرتى: بىرىنچىدىن، روسىيە ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى؛ ئىككىنچىدىن، غەرب پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئۇنى تولۇقلىشى؛ ئۈچىنچىدىن، كاپىتالىزم تۈزۈمىدىكى بارلىق ئىجابىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى. ماركسنىڭ ئەسلى مەقسىتىدىن قارىغاندا، گەرچە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى كېڭەيتىپ ئارقىدا قالغان مەملىكەتلەرنىڭ تەرەققىيات يولى مەسىلىسى دەپ چۈشىنىشكە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئارقىدا قالغان مەملىكەتلەرنىڭ تەرەققىيات يولى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ بىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس. خەلقئارا مۇھىتنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئالدى بىلەن روسىيىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودا «كاۋدىن جىلغىسى»دىن ھالقىپ ئۆتۈش مەسىلىسى ماركسنىڭ ئەسلى تەسەۋۋۇرىدىن ئېشىپ چۈشكەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو ئىنتايىن نامرات ۋە ئىنتايىن ئاجىز دۆلەت. 20-ئەسىردە جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى، بىر تەرەپتىن، كاپىتالىزم كېڭىيىپ دۇنياۋى سىستېما بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىت بىلەن باغلانغان، يەنە بىر تەرەپتىن، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالغان كونا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى بىلەن باغلانغان. ئالاھىدە خەلقئارا ۋە ئىچكى مۇھىت جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان تارىخىي ۋەزىپىسىنى، مەسىلەن، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغانلىقىنى ۋە ھەل قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ تارىخىي بۇرچىنىڭ تارىخىي يوسۇندا جۇڭگو پرولېتارىياتىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭمۇ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. شۇڭلاشقا، تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ ئىدارە قىلىشى ئارقىسىدا، «كاۋدىن جىلغىسى»دىن ھالقىپ ئۆتۈشتە، جۇڭگو ئۇزۇل-كېسىل بولغان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈشى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈشى لازىم. سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىنى بەرپا قىلغانلىق «كاۋدىن جىلغىسى»دىن ھالقىپ ئۆتكەنلىك ئەمەس، ئۇ پەقەت ھالقىپ ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تۇنجى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككىنچى ھەرىكەت بولىدۇ، يەنى دەۋرگە يېتىشىپ، جۇڭگونى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. «كاۋدىن جىلغىسى»دىن ھالقىپ ئۆتۈش جەريانى، ئەمەلىيەتتە، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدۇر. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى شەكىللەندۇرگەنلىك ۋە تىكلىگەنلىك جۇڭگونىڭ «كاۋدىن جىلغىسى»دىن ھالقىپ ئۆتۈشتىكى بىرىنچى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەش بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنى ماقالىنىڭ بىرىنچى قىسمى دېيىشكە بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى شەكىللەندۈرگەنلىك ۋە تىكلىگەنلىك بولسا جۇڭگونىڭ ”كافتىن جىلغىسى“دىن ھالقىپ ئۆتۈشىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەش بولۇپ، ئۇنى ماقالىنىڭ ئىككىنچى قىسمى دېيىشكە بولىدۇ. ماقالىنىڭ بۇ ئىككى قىسمى ئوخشاش بىر جەريانغا ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي سىستېما. تارىخىي تەجرىبىلەر نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى پارتىيىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگو سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېڭى پەللىگە يەتكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇ، خەلقئارالىق كۆزىتىش ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما ئارقىلىق چىقىرىلغان ئىلمىي خۇلاسە، شۇنداقلا ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات جەريانىدا، جۈملىدىن پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك بولغان تۈپ يېتەكچى ئىدىيىدۇر.

## 3

شەك-شۈبھىسىزكى، تارىخ بىلەن لوگىكىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە بولغاندا، جۇڭگونىڭ كاپىتالىزم ”كافتىن جىلغىسى“دىن ھالقىپ ئۆتۈش يولىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلابنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئىككى قېتىملىق ئىنقىلابنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ۋە رېئال ئاساسى ماركسىزملىق ئىلمىي ھەقىقەت ۋە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى. پارتىيىنىڭ ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“تىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش يولىنى ئېچىشتا چىڭ تۇرۇش ئىككى قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئەڭ تۈپ تارىخىي يىپ ئۇچى، شۇنداقلا ئىككى قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ ئۆزئارا باغلانغانلىقى ۋە ئۆزئارا بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ ئەڭ تۈپ تارىخىي ئالاھىدىلىكى. دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى شەكلى — دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشتە، جۇڭگونىڭ 20-ئەسىردىكى تەرەققىيات يولىنى ئەسلىمەي بولمايدۇ، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى تۆۋرۈكى ۋە ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۈستىدىكى تارىخىي ئىزدىنىشنى سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرمەي بولمايدۇ. سان-ساناقسىز

پاكىت ۋە تەجرىبىلەر شۇنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئۇنتۇپ قالسا، ھەم دۇنيا تارىخىنىمۇ چۈشەنمىسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ھازىرنى چوڭقۇر چۈشىنىشى ۋە توغرا يول بىلەن كەلگۈسىگە قاراپ مېڭىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تارىخنى ئەينەك قىلغاندا، ئەلنىڭ روناق تاپىدىغانلىقى ياكى خارابلىشىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگىلى بولىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 150 نەچچە يىللىق تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنى بىلىۋالىمىزكى، جۇڭگونىڭ كۆپ قېتىم مۇنقەرز بولۇش تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىدىكى ئاساسىي ساۋاق، بىرىنچىدىن قالاق بولغانلىقى— قالاق بولغاندا تاياق يەيدىغان گەپ؛ ئىككىنچىدىن چىرىك بولغانلىقى— چىرىك بولغاندىمۇ تاياق يەيدىغان گەپ؛ ئۈچىنچىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى— بۆلۈنۈپ كەتكەندە ئوخشاشلا تاياق يەيدىغان گەپ. تاياق يېگەنلىكتەك خورلۇق يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت شارائىتىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىختا ئىنتايىن پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ. 20-ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، پاسسىپلىقتىن تەشەببۇسكارلىققا ئۆتۈش جەريانىدا، جۇڭگو ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىملىق چوڭ تارىخىي بۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈردى:

بىرىنچى قېتىملىق بۇرۇلۇش 1-دۇنيا ئۇرۇشى ھەم ئۇنىڭ نەتىجىسى بىلەن باغلانغان. ۋېرسال-ۋاشىنگتون ئوق مەركىزى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، جۇڭگو يەككە دۆلەتلىك ئورنىدىن مەھرۇم قىلىندى! ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەننى ھاقارەتكە دۇچار قىلىدىغان شەرتنامىنى تۈزۈش ئارقىسىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى يەنە بىر قېتىم باشقىلار تەرىپىدىن تالان-تاراج قىلىنىش ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ سەۋەب بىلەن 4-ماي ھەرىكىتى بارلىققا كەلدى، ماركسىزم يېڭى مەنىۋى تۈۋرۈك سۈپىتىدە جۇڭگودا تىكلەندى. جۇڭگو شۇنىڭدىن باشلاپ يېڭى تارىخىي پەللىگە قەدەم قويدى، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان دېموكراتىك ئىنقىلاب پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلغان دېموكراتىك ئىنقىلابقا ئايلىنىپ، يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب دەۋرى باشلاندى.

ئىككىنچى قېتىملىق بۇرۇلۇش 2-دۇنيا ئۇرۇشى ھەم ئۇنىڭ نەتىجىسى بىلەن باغلانغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنتايىن مۈشكۈل ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاخىرى ياپون جاھانگىرلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى دۆلەت مۇستەقىللىكى ۋە مىللىي ئازادلىقنىڭ تارىخىي ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداپ، ئىككىلەنمەستىن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆز بايرىقىغا يازدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۈچ قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشنىڭ پارلاق غەلىبىسىنى، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلىشتەك پارلاق غەلبىنى، جۇڭگو تارىخىدا خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان يېڭى دۆلەت قۇرۇشتەك پارلاق غەلبىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي، جۇڭگو باشقا بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئۆتتى ۋە ئارقىسىدىنلا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقى ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا ئۆتۈشنىڭ تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ جۈملىدىن

سەۋەبلىكلەرنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە تەسىرى تۈپەيلىدىن، ‹‹قورۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا ئۆتۈش›› مەسىلىسى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئوبدان ھەل قىلىنمىغانىدى، شۇڭا پارتىيىنىڭ خىزمەتلەرگە بولغان يېتەكچى ئىدىيىسىنى قايتىدىن توغرىلاش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى قايتا ئېچىشقا توغرا كەلدى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى جۇڭگودىكى ئۈچىنچى قېتىملىق تارىخىي چوڭ بۇرۇلۇشنىڭ تۈپ نامايەندىسى بولدى. ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق تارىخىي بۇرۇلۇش بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۈچىنچى قېتىملىق بۇرۇلۇش تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلانغان شارائىتتا، ‹‹ئىس-تۈتەك بولمىغان›› ئۇرۇش مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلدى، دۇنيا تۈزۈلمىسىدە يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ۋە خەلقئارا رىقابەتنىڭ يېڭى مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋاتقان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئەمەلىيەت جەھەتتىكى روشەن ئالاھىدىلىكى سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەلگەنلىكى، تۇرغۇن، يېپىق ھالەتتىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە يۆتكەلگەنلىكى، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسالغانلىقى، ئىگىلىكنى يۇكسەلدۈرۈشتىكى يېرىك ئۇسۇلدىن ئۈنۈمدار ئۇسۇلغا قاراپ بۇرۇلۇش ياسالغانلىقىدىن ئىبارەت. دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك تارىخىي چوڭ بۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى شۇنىڭ بىلەن تارىخ تەرىپىدىن تونۇلدى، ھەم پارتىيە ۋە خەلق تەرىپىدىن پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ‹‹مەنىۋى يۆلەنچۈكى›› قىلىپ تىكلەندى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش— پارتىيە تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس خۇلاسە.

## 4

جۇڭگونىڭ 20-ئەسىردىكى ئۈچ قېتىملىق تارىخىي بۇرۇلۇشى سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭمۇ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، سوتسىيالىزم ئالدى بىلەن نەزەرىيە سۈپىتىدە، كېيىن ھەرىكەت سۈپىتىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈزۈم سۈپىتىدە ئۈچ قېتىملىق چوڭ بۇرۇلۇش بىلەن تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈردى ۋە كەچۈرمەكتە: بىرىنچى قېتىملىقى، خىيالدىن پەنگە ئايلىنىش؛ ئىككىنچى قېتىملىقى، ھەرىكەتتىن تۈزۈمگە ئايلىنىش؛(بىر دۆلەتتىن كۆپ دۆلەتكە كېڭىيىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ئۈچىنچى قېتىملىقى، ئىنقىلابتىن قۇرۇلۇشقا ئۆتۈش. ھەر قېتىملىق بۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتنىڭ تارىخ تاپشۇرغان تارىخىي تېمىسى بولغان ھەممىدە ئۇنىڭغا توغرا ئىدىيىۋى لۇشيەن سىڭگەن، ئۇنىڭدىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈنلەر تارىخ ئوتتۇرىغا قويغان تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، شۇ مەزگىلدىكى سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ نەزەرىيە شەكلىنى ھاسىل قىلغان. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى

سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلابتىن قۇرۇلۇشقا يۆتكەلگەنلىكىنىڭ تارىخىي مەھسۇلى بولۇپ، لېنىن دەۋرىدىن بۇيانقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرى ئۈستىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ماۋ زېدۇڭ دەۋرىدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي خۇلاسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىزمنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسىگە ئىككى قاتلامدىن جاۋاب بېرىشكە ۋە ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ: بىرىنچى قاتلامدىكى مەسىلە— ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردە زادى قانداق سوتسىيالىزم قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلە؛ ئىككىنچى قاتلامدىكى مەسىلە— ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردە سوتسىيالىزمنى زادى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلە. يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماسلاشتۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەر تەرەپتىن ئۆزىگە خاس بولغان نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى قانات يايدۇرۇپ، مۇكەممەل ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى جۇڭگو خەلقىگە تاپشۇرۇپ بېرىش لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. "ئىككى ئومۇمەن" دېگەن خاتا پوزىتسىيىنى قەتئىي تۈزىتىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى ئاساسىي مەسىلىنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى. تەرەققىياتنىڭ تىنچلىققا موھتاج بولىدىغانلىقىنى، تىنچلىقنىڭ تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، تەرەققىيات مەسىلىسىنىڭ يادرولۇق مەسىلە بولۇپ، تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا دەيدىغان قاراشنى ئۆزگەرتىپ، تاشقى سىياسەتنى مۇناسىپ ھالدا تەڭشەپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى تىنچلىقنى سۆيىدىغان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىگە، 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىگە، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىگە قويۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. جۇڭگونىڭ ھازىر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممە ئىشتا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش لازىملىقىنى، بۇ باسقۇچتا، جۇڭگو دۇچ كەلگەن بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، مۇھىمى، ئۆزىمىزگە تايىنىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىملىقىنى، سىنىپىي كۈرەشنى تۈتقا قىلىش دېگەن خاتا شوئارنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋاقتىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈزۈلمە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش قانۇنىيىتىگە لايىقلىشىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، دۇنيا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى

www.uyghurkitap.com

ئېچىۋېتىشنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تارىخىي مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. «ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش»تەك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىز بولۇشتەك تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پەلەمپەي شەكىللىك تەرەققىيات ئۇسۇلى، رايون خاراكتېرلىك تەرەققىيات ئۇسۇلى ۋە نۇقتىلىق تەرەققىيات بىلەن ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات ئۆزئارا بىرلىككە كەلگەن تەڭكەش تەرەققىيات ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، تەرەققىياتنىڭ چىڭ قائىدە ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشى لازىملىقىنى تەكىتلىدى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. «باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك» ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن كۈرەش نىشانىدا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، ماددىي مەدەنىيەتمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ تەڭ ياخشى يولغا قويۇلغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ چىقىلغان بولىدىغانلىقىنى، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش»تەك ستراتېگىيىلىك فاكجېنىنى بوشاشماستىن ئىزچىللاشتۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. پىلاننىڭ سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەسلىكىنى، بازارنىڭ كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەسلىكىنى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى تۈپ مەسىلىنىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. پەن-تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى، ژىيالىيلارنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە رولىنىڭ پۈتمەس-تۈگمەس ئىكەنلىكىنى، پەن-تېخنىكىغا تايىنىش لازىملىقىنى، پەن-تېخنىكىغا تايانغاندا ئاندىن ئۈمىد بارلىقىنى، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىقتىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش لازىملىقىنى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»نىڭ ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى يېڭى تەسەۋۋۇر، شۇنداقلا خەلقئارا تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. تەيۋەننى ۋەتەننىڭ قوينىغا تىنچ يول بىلەن قايتۇرۇپ كېلىش مەسىلىسىدە، قورال ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىشكە ۋەدە بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ پۇت-قولىنى چۈشەپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، دۆلەت مەنپەئىتىنى ئەڭ ئالىي مىزان قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى يوقىتىش، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» دېگەن خىزمەت ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت

ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ يېڭى ئىلمىي يەكۈنلەر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى دەۋر ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە؛ ئىدىيە سىستېمىسىدىن ئالغاندا، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسى جەريانىدا ئېرىشكەن قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، تەرەققىي قىلغان تارىخىي شارائىتتا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش— ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق.

## 5

ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئۇلۇغ نەزەرىيىنى چاقىرىدۇ ۋە يېتىشتۈرىدۇ؛ ئۇلۇغ نەزەرىيە ئۇلۇغ ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى ئەنە شۇنداق جۇشقۇن دىئالېكتىك تەرەققىيات جەريانىدۇر. 1975-يىلى ”ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش“ ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن باشلانغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ بۇرۇلۇشتىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئەمەلىيەت جەريانىدا بارلىققا كېلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا پۇختا ھەم ئىلمىي ئىدىيە سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەندى. بۇ سىستېمىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە ھەرقايسى قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈلگەن لوگىكىلىق يىپ ئۇچلىرى ئىچىدە، ”جەۋھەر“ مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن دېگەندىن ئىبارەت؛ ئۇنىڭدا ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا، خەلق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشتا، ستراتېگىيىلىك ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىيەتنى ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ”ئاساسىي تېما“ مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئارقىدا قالغان دۆلەتلەردە قانداق سوتسىيالىزم قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت؛ ئۇنىڭدا سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي ئىگەللەپ، سوتسىيالىزم ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە قايتىدىن ئىزدىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنە بىر ”يادرو“ مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ پارتىيىنىڭ ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندىن ئىبارەت؛ ئۇنىڭدا ”باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك“ ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن كۈرەش نىشانىدا چىڭ تۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مەركەزلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش، ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول

قاتتىق بولۇش“تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ”جەۋھەر“ مەسىلىسى، ”ئاساسىي تېما“ مەسىلىسى ۋە ”يادرو“ مەسىلىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ لوگىكىلىق يۆلەنچۇكى بولۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىسى، ئىجادكارلىق روھى ۋە ئىنقىلابىي پەزىلىتىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ. جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى بىزنى سەۋەنلىك ئىچىدىن يېتەكلەپ چىققان كىشى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىكەنلىكىنى، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىپ بەرگەن كىشىمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ئەگەر يولداش دېڭ شياۋپىڭ بولمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ بۈگۈنكىدەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پارلاق مەنزىلى بولمىغان بولاتتى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەلگۈسىدىكى مۇسابىقە ۋە سىناقلارنى كۈتۈۋېلىشتىكى پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ مەنبەسى. بىز ۋە بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىپ بەرگۈچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىشكە ئۇل سالغۇچى ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسى— سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى يەنە بىر ئۆچمەس ئۇلۇغ تۆھپە!

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدا بەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 10>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:ISSN1006－5857/CN11－2498/D
邮发代号:2－373　定价:1.80元　邮政编码 100013